20 1



# تەقدىرداش

# ھايات ئالبومى



⬆ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ماھنۇر قاسىم توختىخان ئىسمائىل ، زۆھرە تالىپلار بىلەن بىللە .



➡ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى سەئىدۇللا سەيپۇللايېۋ سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى توختىخان ئىسمائىل بىلەن بىللە .



⬆ ئەڭ ياش ئۇيغۇر دوكتورى ، ئالىم ئەسئەت سۇلايمان مېھرىبانئاي مەمتىلى ، ئابدۇرېھىم راخمان ، ئابلىز ئورخۇنلار بىلەن بىللە



⬆ « جۇڭگودىكى 20 - ئەسىردىكى 20 سەرخىل كارخانىچى » نىڭ بىرى ، يىغىپ ساقلاش چولپىنى ئەخمەت تۆمۈر ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە



⬆ قۇربان مامۇت ، ئەختەم ئۆمەر ، يالقۇن روزى ، پولات ھېۋىزۇللا قاتارلىق ئەدىب ، ژۇرنالىستلار قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىدا .



⬅ ياش بوكس چېمپىيونى ئەكرەم ئىسھاق يۇرتى قۇمۇلدا .

ھايات ئالبومى

# بەت بېشى

# نامراتلىق - جىنايەتتۇر

سۇگشىيا شىنژىفۇ (ياپونىيە)

ئىگىن - ئاياغ، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە تويۇنۇش ھالىتىنى ھازىرلىيالمىغانلار نىمىنىڭ شان- شەرەپ، نىمىنىڭ ئار - نومۇس ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ.

ئىلگىرى ياپونىيىدە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار ئىكەندۇق: «توت خىل كېسەل ئىچىدە يوقسىزلىق ئەڭ قاتتىقتۇر». يوقسىزلىق ئادەمنىڭ ھاياتلىق قۇۋۋىتىنى خورىتىۋېتىدۇ، بۇ ھال جەمئىيەتنىڭ يوقسىزلارغا ئىچ ئاغرىتىش، خەير-ساخاۋەت قىلىش خاھىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىلگىرىكىلەر شۇنداق قارايتتى. يوقسىزلىق ماھىيەتتە ئەقلىيەتكە مۇخالىپتۇر، ئۇنىڭ يىلتىزىنى قىرقىۋېتىش شەرت، ئاشقازاننىڭ بىر ۋاقىتلىق تويۇنۇشى، ئۇسسۇزلۇقنىڭ بىر قېتىم قېنىشى بىلەن يوقسىز ئادەم بىرلەھزە راھەتلەنسىمۇ، ئەمما بۇ «خىيالىي راھەتپەرەس»نىڭ بىھۇدە ئويلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بىز بۇنداق بىر ئېنىق شەرھىگە قارىساقلا كۇپايە: «نامراتلىق - جىنايەتتۇر»، ئۇنى جەزمەن يوقىتىۋېتىش كېرەك.

يوقسىزلىق ياۋۇزلۇقنىڭ مەنبەسى. نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى دانىشمەنلەر «ئىگىن - ئاياغ، كىيىم - كېچەك جەھەتتە تويۇنۇش ھالىتىنى ھازىرلىيالمىغانلار نىمىنىڭ شان - شەرەپ، نىمىنىڭ ئار - نومۇس ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ» دەپتىكەندۇق. تاكى ھازىرغىچىلا (ئالاھىدە سەۋەبلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئادەتتىكى كىشىلەر نامراتلىق دەستىدە ئەخلاق ئەھكاملىرىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى سۆزنىڭ قارىشىسىدىن چىقىپ ئېيتساق، بىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھازىرقى يېتەرلىك يۈكسىلىشىنى نەزەرگە ئالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھادىسىلەر يەنىلا مەۋجۇد. ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى مۇشۇنىڭدىن ناھايىتى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، يوقسىزلىق قەبىھلىكنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ خىل قەبىھلىكنى تىزگىنلەش ئۈچۈن نامراتلىقنى شەرتسىز يوقىتىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ تەل - توكۇس يوقالسا جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى تېزلىشىدۇ.

يوقسىزلىق يوقىتىلسا كىشىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى خېلى تۆۋەن دەرىجىگە چۈشىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىمۇ مۇشۇ.

يوقسىزلىق تۈگىسە، ئادەم شەرتسىز تىرىشىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن پائال روھلاندۇرۇلۇشىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ھالقىدۇر. سىياسەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، نامراتلىقنى يوقىتىشنىڭ ئەمەلىي تەدبىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز نامراتلىقنى توغرا تونۇغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئادەم ئۇنى يوقىتىشقا جان جەھلى بىلەن ئاتلىنىدۇ، قەبىھلىكمۇ شەرتسىز ئازىيىدۇ، خەلق تەبىئىيلا باياشاتلىققا چۆمۈلىدۇ.



رەسسام: ئەكبەر ئابدۇرېھىم

# ئەقىدىرداش

(يەسلىك ئۇنىۋېرسال ژورنال)

2000 - يىل 1 - سان

(ئومۇمىي 30 - سان)

تەھرىرات باشلىقى:

شى گاڭجياڭ

باش مۇھەررىر:

فەن جيڭجو

مۇئاۋىن تەھرىرات باشلىقى،

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

زۆھرە تالىپ

بۇ ساننىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى:

(تەكلىپ قىلىنغان)

ئابلىز ئۆمەر ھاجى (كورركتور)

ئابدۇكېرىم ۋاھىت

(كاندىدات ئالىي تەرجىمان)

مۇقاۋىدىكى رەسىم ئابلىزنى لايىھىلىگۈچىلەر

زۆھرە تالىپ ئابلىز ئۆمەر ھاجى

كۆرنەك كۆرنەك

## مەخسۇس سەھىپە

جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسى يولغاقويۇلدى........................ ئابلىز نىياز (ت) 1

جياڭ زېمىن: غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش كېرەك ........................ ھاۋاخان ئېلى (ت) 2

ۋاڭ لېچۇەن ۋە ئابلەت ئابدۇرىشىتلار غەربىي قىسمىنى ئېچىش جەريانىدىكى شىنجاڭ ئۈستىدە توختالدى .............. ........................ زۆمرەتگۈل نىياز (ت) 3

شىنجاڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ........................ ئابلىز نىياز (ت) 4

## ئۆرنەك

بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 2 ـ قىتئىلىق ئېگىلىك تىكلەش جەريانى ........................ مۇھەممەت يۇنۇس (ت) 5

## دېھقانلارغا مەسلىھەت

پاختىكارلارغا ساۋاق ۋە تەكلىپ .................. ئابدۇكېرىم ۋاھىت 8

كۆكتاتچىلىقتا پۇل تېپىشنىڭ ئېپى .................. مەخمۇت ئادىل 9

## كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ

قۇمۇلنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا ... ........................ سەمەت ئەمەت، ياقۇپ سايىم 10

## تەندىن روھقا

روھ ئاتالغۇ تىزىسلىرى .................. داۋۇت ئۇبۇلقاسىم (ت) 20

## تۆھپىكارلار

مەزمۇت قەدەم، ھارماس قەلەم .................. ئابلىز ئۆمەر ھاجى 24

## مىللەت ۋە ئۇللەت

مائارىپىمىزغا چالا دېئاگنوز .................. غالىپ مۇھەممەت 27

ھاراق بىزگە نېمىنى ھەل قىلىپ بەردى ......
....................... ئىلياس ھېمىت 30
تراكتورغا «شىپا سۈيى» قىلىش ............
....................... ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم 31
قورۇنمىسۇن ئەجدادلار روھى .......... ئانىقىز ئەزىزى 33
نەرقىممىز ۋە پەرقىممىز .............. ئوسمان زاھىر 34

## ئەدەبىيات گۈلزارى

دەپنە مۇراسىمى (ھېكايە) ..................... قەيسەر تۇرسۇن 36
ئېلان (فېلىيەتون) ...................... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 39
موسكۋا خىياللىرى ............................ نەبىجان تۇرسۇن 12
ياسانچۇق كۈچۈك (مەسەل) ..................... ئابدۇرېشىت ئوسمان 40
يېڭىلىش (ھېكايە) ...................... گۈلجەننەت ئەسئەت 41
قەلبىمدىكى ناخشا (نەسر) .................. ئىبادەتگۈل ئىسمائىل 43
قاۋاننىڭ كاتىپى (مەسەل) ...................... ئابلىز ھەسەن 45
نەسرلەر ................................ نىياز قاھار 46
ئىككى شېئىر ............................... ئادىل تۇنىياز 47
ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلسە (تەرجىمە ھېكايە) ..................
........................... دىلمۇرات مەھمۇت (ت) 49

## مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە

قارلىق تاشلاش ئويۇنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭ چۈشەنچىسى........
........................................ ئەسقەر يۈسۈپ 53

## دوقمۇشتىكى پاراڭلار

تۇرمۇش ھەققىدە تەرمىلەر ...................... ئىلياس ھېمىت 42
نېمە ئۈچۈن جۇڭگو بالىلىرىنىڭ بويى ياپونىيە بالىلىرىدىن پاكار......
........................................ ھەبىبە (ت) 52
قانۇن ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئائىت ھېكمەتلەر ..............
........................................ رەھىم يۈسۈپ 56
21- ئەسىردە بىزگە نېمە كېرەك .............. رىسالەت مەردان 57
كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئېغىر روھىي بېسىمغا ئۇچرىغاندا ئۆزىڭىزنى
بېسىۋالالامسىز ........................... ھەبىبە ئەمەت (ت) 58
«يەھۇدىيلارنىڭ سۆھبەت سەنئىتى» ناملىق كىتابتىن تەرمە ..........
.................. زەينەپگۈل ئىبراھىم تەۋسىيە قىلغان 59
ئادىلجان لەتىپىلىرىدىن ................................ 60
خەتتاتلار مۇنبىرى ..................... نەمەت ناسىر، پەرھات يۇنۇس 48
بۇ ساندىكى سىزما قىستۇرما رەسىملەرنى شاھىد ئېلى ئىشلىگەن

مەسلىھەتچىلىرىمىز:
پەخرىي مەسلىھەتچى:
ئېلى راھىد

باش مەسلىھەتچى:
تۇختىخان ئىسمائىل

مەسلىھەتچىلەر:
ئابدۇراھمان كېرىم
ئابلىز ئىسمائىل
ئەخمەت تۆمۈر
تۇرسۇن خەلىل
قاسىم ھېمىت
قۇربان مامۇت
يۈسۈپ قاسىم

تەھرىر ھەيئەتلىرىمىز:
ئارسلان ئابدۇللا
ئابلىز نىياز
ئايشەم ئەخمەت
ئارسلان تالىپ
ئابدۇكېرەم ۋاھىت
ئابلىز ئۇرخۇن
ئابلىز ئۆمەر ھاجى
ئەسئەت سۇلايمان
زۆھرە تالىپ
نەمەت ناسىر
ئىسمائىل نەمەتشاھ ھاجى

مۇقاۋىدا: ئىسقەدەم ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ـ پولكوۋنىك
سوپاخون سوۋۇروپ
(1947-يىلى 32 يېشىدا ئولجىدا
چۈشكەن سۈرەت)

باھاسى: 2.50 يۈەن

# 目　　录


## 专　栏

中国西部大开发战略启动 …………………… 1
江泽民说：加快开发西部地区 …………………… 2
开发西部中的新疆 …………………… 3
新疆在西部大开发中居重要地位 …………………… 4

## 示　范

兵团哈管局二次创世发展示录 …………………… 5

## 与农民商讨

给棉农的教训和建议 …………………… 阿布都克热木・瓦衣提 8
种菜挣钱之巧 ……… 买合木提・阿迪力 9

## 众人拾柴

关于发展哈密的旅游业 … 赛买提・艾买提、牙合甫・沙衣木 10

## 身与心

精神分析纲要 ………… S・弗洛伊德 20

## 献身者

矫健的步伐，不懈的笔 ………… 阿不列孜・吾买尔・阿吉 24

## 社会经纬

对教育的欠缺诊断 … 阿里甫・买买提 27
酒给我们解决了什么？ …………………… 依里亚斯・依米提 30
给拖拉机加《圣水》 …… 阿布都吾甫尔・阿布都热依木 31
不要往祖先的神灵上抹黑 …………………… 阿尼克孜・艾孜孜 33
我们的价值与差异 … 吾斯曼・扎衣尔 34

## 艺苑叠翠

葬礼（小说） ……… 克衣斯尔・吐尔逊 36
公告（杂文） … 吐尔逊白格・依布拉音 39
莫斯科回忆 ………… 乃比江・吐尔逊 12
失败（小说） …… 古丽吉尼提・艾赛提 41
心中的歌（散文） …………… 依巴达提古丽・斯马义 43
公猪的秘书（寓言） … 阿比列孜・艾山 45
散文四则 …………… 尼牙孜・卡哈尔 46
爱打扮的小狗（寓言） …………… 阿布都热西提・吾斯曼 40
诗二首 …………… 阿迪里・吐尼亚孜 47
要是他归来（翻译小说） ……… 地里木拉提・买合木提（译） 49

## 文化与传统

从投喀尔里克游戏看维吾尔人对白色的观点 …………………… 艾斯克尔・玉素甫 53

## 群言录

生活文摘 ………… 依里亚斯・依米提 42
法律和法律教育的格言 …………………… 热衣木・玉素甫（译） 56
在21世纪我们需要什么？ …………………… 热沙来提・买尔但 57
遇到不愉快的事和精神受压抑时你能否控制自己 ……………… 艾比白・艾买提（译） 58
《犹太人的交谈艺术》一书摘要 …………… 59
阿迪力讲笑话四则 …………………… 60
书法艺苑 …………………… 48



同　舟

（综合性季刊）
2000年1期
（总30期）

社长：
师刚强
总编辑：
范承渠
副社长、副总编：
早然木・塔力甫
本期责任编辑：
（聘请）
阿不力孜・吾买尔・阿吉（校对）
阿不都克然木・瓦依提（副译审）
封面、版面设计：早然木・塔力甫
阿不力孜・吾买尔・阿吉

# جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستىراتېگىيىسى يولغا قويۇلدى

گۇۋۇيۈەن 1- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە غەربىي قىسمىنى ئېچىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى جۇرۇڭجى قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئوتتۇرا - غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھىلىدى ۋە يېقىنقى مەزگىللىك نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھەرقايسى تارماقلار، رايونلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيىتى ھەم ستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور ھەل قىلغۇچ سىياسەتلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماي، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەكىتلىدى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېلىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ «ئىككى چوڭ ئومۇمىيىتى» ستراتېگىيىسى ئىدىيىسىگە ئاساسەن، «ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈش» ئاساسىدا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىشتە چىقارغان زور ھەل قىلغۇچ سىياسىتى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنى ستراتېگىيىلىك تەڭشەپ، رايونلار ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زور ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى زور تەدبىر؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ رايونلار پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بۇ ستراتېگىيىلىك سىياسەت يولغا قويۇلسا، ئوتتۇرا - غەربىي قىسىم رايونلار ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرگىلى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇ دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىغا يېتىشتىمۇ زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئوتتۇرا - غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ شەرتى ئاساسەن ھازىرلاندى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. بىز چوقۇم نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتلەرنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز ھەم ئۇنى چىڭ تۇتۇشىمىز، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ زور ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە ۋە مۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم: (1) ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. تاشيول قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۆمۈر يول، ئايروپورت، تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى غول لىنىيە قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر تورى، خەت-ئالاقە، رادىئو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى ۋە سۇ ئىنشائاتى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. (2) ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ ھەم بۇ جەھەتتىكى قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەبىئىي ئورمانلىقلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش سالمىقىنى زورايتىش لازىم. ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. (3) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەش لازىم. ئىچكى-تاشقى بازارلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ھەرقايسى جايلار بايلىق مەنبەسى ئالاھىدىلىكى ھەم ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى چىقىش قىلىپ، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشقا تايىنىپ، بازار ئىستىقبالىغا ئىگە ئالاھىدە ئىگىلىك بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش ھەم شەكىللەندۈرۈش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئەلالاشتۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ سانائەت

(داۋامى 4- بەتتە)

# جياڭ زېمىن: غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش كېرەك

ھازىر بىز ئەسىر ئالمىشىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز. شۇڭا، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، بولۇپمۇ غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىش لازىم. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش ـ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزۇنغىچە تىنچ ـ ئامان بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بىر ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى ئالغان تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە ئىگە. ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ئاساسەن ھازىرلاندى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. ئۇ ھازىردىن باشلاپ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زور ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى سۈپىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك.

مەركەز شەرقىي قىسىم بىلەن ئوتتۇرا ـ غەربىي قىسىم رايونلىرى تەرەققىياتىدىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىشنى ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان مۇھىم فاڭجېن قىلىپ، بىر قاتار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا ـ غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش ـ پۈتۈن مەملىكەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ستراتېگىيە ۋە بۈيۈك تەپەككۇر ھەمدە غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇقەررەر تەلەپ. غەربىي قىسىمنىڭ يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ۋە غايەت زور يوشۇرۇن بازارغا ئىگە. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەندە، تۈرلۈك بايلىق مەنبەلىرىنىڭ مۇۋاپىق سەپلىنىشى ۋە ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كەڭ بوشلۇق ۋە غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون. بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىسە، ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بېيىسا، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيتكىلى بولىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە دۆلەت چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش تېخىمۇ زور ماددىي ئاساس ۋە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەرتى ئاستىدا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش يېڭى تېپلىرى بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپى ۋە يېڭى سىرتقا ئېچىۋېتىش مۇھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىچكى ـ تاشقى بازار ئېھتىياجىنىڭ يېڭىچە ئۆزگىرىشىنى تولۇق ئويلىشىپ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش بىلەن سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش، غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 3- باسقۇچلۇق تەرەققىيات نىشانىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت مالىيىسىنىڭ كۈچىنى مۇقىم ئاشۇرۇش شەرتى ئاساسىدا، يۆتكەپ چىقىم قىلىش ئارقىلىق غەربىي قىسىم رايونلارنى قوللاش سالمىقىنى تەدرىجىي زورايتىش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئۆزىدىكى ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەپ سىرتتىن مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىملارنى جەلپ قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق غەربىي قىسىمنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىش، نىشانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا، غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ نوپۇسى، بايلىق مەنبەسى، مۇھىتى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلىرىنى ئېچىشنى تېزلىتىش، ئەلۋەتتە ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشى، سۇ بايلىقى مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك. ئېكولوگىيىلىك

# ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئابلەت ئابدۇرىشىت غەربىي قىسىمنى ئېچىش جەريانىدىكى شىنجاڭنىڭ ئۈستىدە توختالدى

شىنجاڭدا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسىمنى ئېچىش ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

مۇھىتى قۇرغاق شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدا ھەممىدىن مۇھىم، قاتناش ئىشلىرى شىنجاڭنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم نۇقتا. شۇڭلاشقا غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىدە تاشيول ۋە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش، شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم خىزمەت. يېزا ئىگىلىكىدە شىنجاڭ ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەلا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىگىلىكى يولىدا مېڭىشى لازىم. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا، چارۋاماللار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ياخشى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، گۆش كالىسى ۋە قوي ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقىپ كەسپلىشىش يولىغا مېڭىش لازىم.

ئورمانچىلىق جەھەتتە، ئىقتىسادىي ئورمان، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمىنى ھەم ماتېرىيال ئورمىنىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە، «ئالاھىدە» ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، شىنجاڭنىڭ مول بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش لازىم.

ئوبوروت جەھەتتە بىرىنچىدىن، غەربىي قىسىم خەلقئارا سودا مەركىزى قۇرۇپ چىقىشنى چۆرىدىگەن ھالدا مەبلەغ سېلىش؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ مول سەيلى - ساياھەتچىلىك مۇھىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەللاشتۇرۇش، بايلىق مەنبەلىرىنى تولۇق ئېچىپ، سەيلى - ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى شىنجاڭنىڭ مۇھىم تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئالىي- ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يولىنى كېڭەيتىش لازىم.

دۆلەت يولغا قويغان غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىدە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ سۈرئەتنى تېزلىتىش لازىم.

زۆمرەتگۈل نىياز تەرجىمىسى

---

مۇھىت قۇرۇلۇشى، ئىلىم - پەن، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش، ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قاتناش، خەت - ئالاقە ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بىر تۇتاش پىلانلىنىشى كېرەك.

غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش زور سىستېمىلىق قۇرۇلۇش، شۇنداقلا مىسلى كۆرۈلمىگەن جاپالىق تارىخىي ۋەزىپە. غەربىي قىسىمدىكى ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما بۇ تارىخىي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت شانلىق ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ئۆز ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشى، ئىقتىساد گۈللەنگەن، جەمئىيەت يۈكسەلگەن، تۇرمۇش خاتىرجەم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، تاغ - دەريالىرى گۈزەل غەربىي قىسىم رايونىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

غەربىي شىمالدىكى بىر قىسىم ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر يىغىنچاق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم. مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بۇ، پۈتكۈل غەربىي شىمال رايونىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ كاپالىتى.

ھاۋاخان ئېلى تەرجىمىسى

# شىنجاڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ

چېن يۈەن (دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باشلىقى)

شىنجاڭنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، يىراق كەلگۈسىگە قارىغاندا نامايىتى زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. قانداق قىلغاندا «10- بەش» يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ھەتتا 21- ئەسىردە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئورنىنى ئۆز ئارا مۇۋاپىقلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى كۆپچىلىك ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە.

مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىدە خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئالدى بىلەن قارىلىدىغان ساھە قىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، سۇ بايلىقى مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلىدۇ. قاتناش، ئالاقە ئىشلىرى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. تەرەققىيات بانكىسى بۇ جەھەتلەردە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئومۇمیۈزلۈك ھەمكارلىشىپ، مەبلەغ جەھەتتە زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ.

دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئېتىبار بېرىدىغان سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، قەرز بېرىشتىن باشقا، كۆپ جەھەتتىن قوللايدۇ. تەرەققىيات بانكىسى تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرىگە سېلىش ئۈچۈن شىنجاڭنى تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم مەبلىغى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە دۇنيا بانكىسىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە تېخنىكا جەھەتتە ياردەم بېرىشنى قوللاشنى ئويلىشىدۇ. تۈرلەرنىڭ ئېچىلىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز سىياسىتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. يەرلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن تۈرلەرنى ئورتاق ئېچىپ يېتىشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە خېيىم - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ.

**ئابلىز نىياز تەرجىمىسى**

---

(بېشى 1- بەتتە)

قۇرۇلمىسىنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم؛ سەيلى - ساياھەت قاتارلىق 3- كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. (4) پەن-تېخنىكا ھەم مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. (5) ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سالمىقىنى زورايتىش، يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى پىكىر يوللىرى، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى مېخانىزمنى تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ زور سىياسەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا-بازارلاردىكى كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھەر - يېزىلاردىكى كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىقتىسادىنى ۋە شەھەر-يېزىلاردىكى تاۋار بازارلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا كارخانىلارنى غەربىي قىسىمنى ئېچىشتىكى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم.

يىغىن تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشتا، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى غەربىي قىسىمنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. دۆلەت مالىيە كۈچىنى مۇۋاپىق تۈردە مەركەزلەشتۈرۈپ، غەربىي قىسىم رايونلىرى مالىيىسىنىڭ يۆتكەشكە چىقىم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئاممىۋى مەبلەغ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئاممىۋى مەبلەغ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى قوللاش لازىم. غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى تۈپ نۇقتا - غەربىي قىسىم رايونىدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىغا تايىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

**ئابلىز نىياز تەرجىمىسى**

# بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەش جەريانى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش بىلەن بازار، ئېڭى ۋە پەن ـ تېخنىكىنى يېتەكچى قىلىش**

بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، قول ئاستىدىكىلەرگە باشلامچى بولدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 10، 20 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېچىش تۈرى بار بولۇپ، ھەربىر تۈرگە بىر بەنزەن مەسئۇل قىلىندى. ھەربىر بەنزەننىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىكىنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈستىگە ئالدى. بۇ بىر بەنزە ئادەم ئىش مەيدانىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا بىللە بولدى. بىر قانچە ئايلاپ گەمىدە يېتىپ تۇر ئورۇنلىنىپ بولمىغىچە «ئالدىنقى سەپ» تىن ھەرگىز قايتمىدى.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرى بىلەن تۆۋەندە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى بولۇپ، ئۇلار ئىككى قولىغا تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلەپ، يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 2ـ3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1000 موغا يېقىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېتىز (باغ) بەرپا قىلدى. بۇنى ئاساسلىقى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىككى قولىغا تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان.

يول ياساش، ئۆستەڭ قېزىش، مۇھاپىزەت ئورمان بەلباغلىرىنى بەرپا قىلىش، يەر تۈزلەش، شور ئېقىتىش، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، دېھقانچىلىق مەيدانى رايونى ئىچىدىكى تاش يوللارنى ياساش، ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ھاللىق لېيەندۈي قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆز قولى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغان.

ئۈچىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا مەبلەغ قىيىنچىلىقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆچمە مەبلىغى ئاساسلىقى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ئالدىن تاپشۇرۇش، ھۆددىگە ئېلىش خىراجىتىنى ئالدىن تاپشۇرۇش ۋە كادىرلار ئىش ئورنىغا چىققاندا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش رەنە پۇلىغا تايىنىش ئاساسىدا ھەل قىلىندى.

تۆتىنچىدىن، ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالماي، دادىل ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىلدى. قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىر ئىشنى قىلسا، شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئەمما، ئىشنىڭ ھەممىسىلا ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىدى. خىلمۇ ـ خىل توسالغۇلارغا دۇچ كەلدى. مەغلۇبىيەتمۇ ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بولۇپ تۇردى. ئەمما، ئۇلار قىيىنچىلىق، توسالغۇ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەر ئالدىدا قورقۇپ قالمىدى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ داۋاملىق ئىشلەپ غەلىبە قىلمىغىچە ھەرگىز بولدى قىلمىدى.

بەشىنچىدىن، قارىغۇلارچە ئىش قىلماي، نېمە ئىش قىلماقچى، نېمىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولسا، پۈتۈنلەي بازار ئەھۋالىغا ئاساس قىلىپ تەدبىر بەلگىلىدى. پاختىچىلىقنى بازار ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بىراقلا 13 مىڭ موغا كېۋەز تېرىپ، كۆلەملىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. پاختا بازىرىدىكى خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خېلى بۇرۇنلا ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىككە تۇتۇش قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە مېۋىلىك باغنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ 80 مىڭ موغا، ئورمانچىلىقنى 50 مىڭ موغا، كۆزلۈك قوغۇننى 20 مىڭ موغا، قىزىلچىنى 20 مىڭ موغا يەتكۈزدى. ئۇلار يەنە بازار ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى بېكىتىپ، ئېنىق تەرەققىيات يۆنىلىشى بىلەن ئەمەلىي ئىشلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى.

ئالتىنچىدىن، ئىدارىدىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى بويىچە تېخنىكا، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ئۆگىنىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. قىشلىق پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتىگە، ھەممە كىشى بەس ـ بەس بىلەن قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن لېيەندۈيلەر باشقۇرغان ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى، رەھبەرلەرنىڭ قوماندانلىق ئېتىزى، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى، ھەر خىل زىرائەتلەردىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئېتىزلىرى بارلىققا كەلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ھەممىسى يېزا ئىگىلىكىدىكى كەسىپ ئەھلى بولۇپ، تېخنىكا ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى. مانا بۇ، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نېمە ئىش قىلسا شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىدىكى «ھۈنىرى».

قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەش، قۇرۇق نام قوغلاشماسلىق روھى يەرلىكلەر بىلەن روشەن بىر سېلىشتۇرما. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

داۋامىدا، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك: «يەرلىكلەر ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا، ھامان ‹گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق› بولۇپ كەلدى. ھارۋا تارتىدىغانلار ئاز، 3 ئۈلۈش ئىش قىلىپ 7 ئۈلۈش داۋراڭ سالىدىغانلار، تاماشا كۆرىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەلدى؛ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلارغا يەتمىدى، قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلار قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنى كۆزگە ئىلمىدى، ئەمەلىي ئىشلەيدىغانلار مۇغەمبەرلىك قىلىدىغانلارچىلىك بولالمىدى. مۇغەمبەرلىك قىلىدىغانلار ئەمەلىي ئىشلەيدىغانلارنى مەسخىرە قىلىشتى. بۇ ئەھۋاللار بىر خىل غەلىتە چەمبىرەك شەكىللەندۈرۈپ ئۇنى ئۇزۇنغىچە بۇزۇپ تاشلاش مۇمكىن بولماي كەلدى». مۇبادا بۇ غەلىتە چەمبىرەك بۇزۇۋېتىلمىگەن بولسىلا، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

## ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ماس ھالدا تەرەققىي قىلدى

بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ تېز تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىمۇ ئوبدان تۇتۇپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ ئىككى قۇرۇلۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر - بىرىگە تۈرتكە قىلىپ، ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇردى.

1. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا قاتتىق بولۇش». قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى قول رەھبەرلەر بىۋاسىتە تۇتۇپ «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا قاتتىق بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇردى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، مەنىۋى مەدەنىيلىكنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلىغاندا، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىمۇ تەڭ تەكشۈرۈپ خۇلاسىلاپ تۇردى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بولدى. مەمۇرىي رەھبەرلەرمۇ بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يۈكسىلىش بولمىسا، سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى مەسئۇلىيەتنىڭ %70 نى، مەمۇرىي كادىرلار %30 نى؛ ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يۈكسىلىش بولمىسا، مەمۇرىي كادىرلار %70 نى، سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى دەسلەپتە %30 ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى مەسئۇل كىشىنىڭ يىل ئاخىرىسىدىكى مۇكاپاتى بىلەن باغلاندى.

2. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ نۇقتىسى «4 كە ئىگە» ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. بىرىنچىدىن، ئىشچى خىزمەتچىلەردە ۋەتەننى سۆيۈش، دېھقانچىلىق مەيدانىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش» ئىدىيىسى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنىپ، ئۇيۇشۇش كۈچى كۈچەيتىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، راستچىللىق بىلەن ئەمەلىي ئىش قىلىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، پۈتكۈل خادىملارغا پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ پەن - تېخنىكا ئېڭى كۈچەيتىلدى. ئىلىم - پەن ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «پەن - تېخنىكا ئائىلىسى» جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. پۈتكۈل خادىملار ئۆگىنىشكە تولۇق قاتناشتى. دەرسلىكلەر كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، قايسى زىرائەت تېرىلماقچى بولسا، شۇ زىرائەتنىڭ دەرسلىكى تۈزۈپ تارقىتىلدى. پرافېسسور، مۇتەخەسسىسلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى، يەنە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسەتكەن ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ مول ھوسۇللۇق زىرائەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن نېمە ئىش قىلسا، شۇنى ئۆگىنىش ۋە شۇ ئىشنى قىلالايدىغان بولۇش تەلەپ قىلىندى؛ تۆتىنچىدىن، «ئۈچ ئەخلاق» ئاساس قىلىنغان ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى كەڭ ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى.

3. ئىقتىسادىي خىزمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى. بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت يىغىنى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، ئايدا بىر قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى؛ ئىككىنچىدىن، قەرەللىك تۈردە كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، بازار ئىگىلىكى بىلىملىرى ئۆگىنىلىپ كۆز قاراش ئۆزلۈكسىز يېڭىلاندى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ تۆتىنچىدىن، ئادەمنى ئاساس قىلىپ مەۋقەنى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە قويۇپ، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ، پاسسىپ ئامىللار ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇلۇپ، كەسىپنى قەدىرلەيدىغان، ئىش ئورنىنى سۆيىدىغان خوجايىنلار يېتىشتۈرۈلدى. سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىغا قارىتا «6 غا قاتنىشىش»، «6 دە ئۆيلەرگىچە بېرىپ خىزمەت ئىشلەش» دىن ئىبارەت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

4. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن ھاللىق سەۋىيە قۇرۇلۇشى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلدى. يېقىنقى 2-3 يىل مابەينىدە، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مەيدان شتابىنى مەركەز قىلغان ھالدا كىچىك بازارلارنى شەكىللەندۈردى، بۇ بازارلار دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن بىر تۈركۈم لېيەندۈيلەر بارلىققا كەلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق نۇقتىلىرى، ئاسفالت يول، ئورمان بەلبېغى قاتارلىقلار بەرپا قىلىندى. قاتناش دېتال قۇرۇلۇشى چاڭ تۇتۇلدى، كۆپ ساندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبولاتورىيە بىناسى، بالنىستا بىناسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەلىم - تەربىيە مەركىزى، رادىئو تورى، ئۇنىۋېرسال سودا مۇلازىمەت بىناسى ۋە ئىشخانا بىنالىرى قەد كۆتۈردى. سىملىق تېلېۋىزىيە، پروگراممىلىق تېلېفون ۋە تۇرۇبا سۈيى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيدانى ھەر يىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بىر قانچە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مەيدان قىياپىتىنى ياخشىلاپ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى تۇرمۇش ۋە خىزمەت مۇھىتى يارىتىپ بەردى.

5. مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرى پائال قانات يايدۇرۇلدى، «مەدەنىي لېيەندۈي» ، «مەدەنىي ئورۇن» ، «مەدەنىي بۆلۈم - ئىشخانا» ، «مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان «6 ئورۇن، بىر قاراۋۇلخانا، بىر پونكىت» نىڭ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق تۇتۇلدى، خىلمۇ خىل پائالىيەتلەر زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي ۋە تەنتەربىيە تۇرمۇشى بېيىتىلدى. تەشۋىقات ۋە ئاخبارات خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىلىپ ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا تەقدىرلىنىپ، كىشىلەر توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەندى.

مۇھەممەت يۇنۇس تەرجىمىسى

# قاندىكى ماي تەركىبى ئېشىپ كەتسە ...

*جەمئىيەتنىڭ ئۈچقانداق تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلاندى. لېكىن، كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي يۇقىرى قان بېسىم، قاندىكى ماي تەركىبى ئېشىپ كېتىش، سېمىزلىك، دىئابېت قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە مەجبۇر بولىۋاتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بەزى كېسەللىكلەرنى ئاددىي ئۇسۇللار بىلەنمۇ داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقمىغاچقا، روھىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىقىمدار بولىدۇ. بىز بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ئائىلىدە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى داۋاملىق تونۇشتۇرىمىز. ئەگەر پۇل خەجلىمەي كېسەل داۋالاشقا قىزىقسىڭىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر سانىدىكى «تەن ساقلىق - زور بايلىق» سىتونىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.*

- مۇھەررىردىن

1) 15 دانە ئۈششاق چىلاننى بىر قوشۇق ھەسەل بىلەن قايناقسۇدا دەملەپ، ئەتىگەندە ئاچ قورساق بىر ئىستاكان، كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىككى ئىستاكان ئىچىپ بېرىشنى ئۇدا داۋاملاشتۇرۇپ بەرسە، 3 - 6 ئايدا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. داۋاملىق ئىچىپ بەرسە، كېسەل قايتا قوزغالمايدۇ.

2) ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن، پۇت كۆيۈپ قالمىغۇدەك بولغان يېرىم داس ئىسسىق سۇغا بىر قوشۇق تۇز، ئۈچ قوشۇق ئاچچىقسۇ (ئاق ئاچچىقسۇ بولسا تېخىمۇ ياخشى) ئازراق چىگىدەي يۇپۇرمىقى سېلىپ پۇتنى تاپان تەرەپتىن باشلاپ قىزىرىق ئۆتكۈزۈپ (15- 17- مىنۇتقىچە) يۇيۇپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

3) ھەر كۈنى ئەتىگەندە باشنى سوغۇق سۇ بىلەن نەمدەپ، چاچنى مۈڭگۈز تاغاق ياكى ياغاچ تاغاق بىلەن ئوڭ-سول تەرەپتىن 3 - 5 مىنۇتقىچە تاراپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

4) كۈندە كەچتە پۇتنى يۇيۇپ، سۇرتىۋەتمەي تەبىئىي قۇرۇتقاندىن كېيىن، ئولتۇرۇۋېلىپ ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنىڭ، سول قول بىلەن ئوڭ پۇتنىڭ تاپىنىنى بىر يۆنىلىش بويىچە 100 قېتىمدىن توختىماي سىلاپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

بۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرغاندا قاندىكى ماي تەركىبى ئۆرلەپ كېتىش، قان قويۇلۇش، چاچ چۈشۈش، چاچتا كېپەك پەيدا بولۇش، قۇلاق غوڭۇلداشقا ئوخشاش بىر قىسىم كېسەللىك ئالامەتلىرى ساقىيىپ كېتىدۇ.

لەتىپ ياسىن

تەن ساقلىق - زور بايلىق

# پاختىكارلارغا ساۋاق ۋە تەكلىپ

ئابدۇكېرىم ۋاھىت

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە، ئاپتونوم رايوننىڭ «بىر قارا ، بىر ئاق» نى يۈكسەلدۈرۈش ستراتېگىيىسى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغاچقا، پاختىچىلىق زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ۋىلايەتلىك پارتكوم «تاغنىڭ جەنۇبىدا باغۋەنچىلىكنى، شىمالىدا چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، تۈزلەڭ رايونلاردا باغۋەنچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، 1999- يىلدىكى كېۋەز كۆلىمى يەنىلا 200 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى (بۇنىڭ كۆپ قىسمى بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىدا تېرىلدى) . لېكىن، تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن پاختا مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىپ، پاختىكارلارنىڭ كىرىمىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئەزالىرى، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ۋىلايەتلىك مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى يېزا ئىگىلىك گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا پاختىكارلار كىرىمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۈچ نۇقتىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ: ① پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى. ئۆتكەن يىل ئەتىيازدا ھاۋا سالقىن بولۇپ، كېۋەزلەرنىڭ ئۆسۈشىنى كېچىكتۈرىۋەتكەن؛ يازدا ھاۋا بەك ئىسسىق ۋە ھاشارەت ئاپىتى ئېغىر بولۇپ، كېۋەز غوزىسىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتقان؛ كۈزدە يەنە چاشقان ئاپىتى يۈز بېرىپ كېۋەزگە زور زىيان سالغان؛ بۇنىڭ بىلەن پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 30 ـ 50 پىرسەنت كېمىيىپ كەتكەن. ② تەبىئىي ئاپەت ۋە زىيانداش ھاشاراتلار زىيىنى پاختىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، پاختا باھاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۆتكەن يىل 1- دەرىجىلىك پاختا يوق ئىكەن (1998- يىلى 1- دەرىجىلىك پاختا ئومۇمىي سېتىۋېلىنغان پاختىنىڭ %20 نى ئىگىلىگەن) . 3- دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پاختا سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي پاختىنىڭ %70 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %8 كەم بولغان. ③ دۆلەت پاختا باھاسىنى تەڭشەپ، 327 لىك ھەر دىن پاختىنىڭ باھاسىنى ئالدىنقى يىلدىكى 570 يۈەندىن بىراقلا 370 يۈەنگە چۈشۈردى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆتكەن يىل پاختىكارلارنىڭ مو بېشى كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %65 ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ كەتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاستانە بازار 3- كەنتتە زىيارەت قىلغان ئۈچ ئائىلىنى مىسال كەلتۈرسەك تېخىمۇ روشەن سېلىشتۇرمىغا ئىگە بولالايمىز: لى شياڭ ئائىلىسى 1998- يىلى 11 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ 17 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان بولسا، 1999- يىلى 10 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ ئاران 5000 يۈەن كىرىم قىلغان؛ ياڭ شۆچى ئائىلىسى 1998- يىلى 5 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ 13 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان بولسا، 1999- يىلى 5 مو يەردىن 5000 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان؛ ۋېي فاڭبياۋ ئائىلىسىمۇ 2 يىلدا ئوخشاشلا 5 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ 1998- يىلى 12 مىڭ يۈەن، 1999- يىلى 4200 يۈەن كىرىم قىلغان (بۇلار ساپ كىرىم ئەمەس) .

مەركەزنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ مەيدانىنى كېمەيتىپ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى ئازايتىپ، ئېھتىياجدىن زور مىقداردا ئېشىپ كېتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت يولىيورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىدا، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، پاختىكارلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش چارىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1. پاختا دېھقانلارنى شۇ يىللا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدىغان ئوبدان ۋاستە، شۇنداقلا رايونىمىزدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەت. شۇڭا، دېھقانلار چوقۇم كېۋەز تېرىشى لازىم. لېكىن تېرىش كۆلىمىنى ئازايتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ھەم بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ پاختىنىڭ مو بېشى كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، زىيان تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2. تەبىئىي ئاپەت ۋە كېسەللىك، ھاشاراتلارغا قارشىلىق كۈچى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى يۇقىرى ئەلا سورتلارنى تاللاپ تېرىشى ھەم ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش لازىم.

3. مۇۋاپىق دەسمايە سېلىپ، بىھۇدە چىقىمنى ئازايتىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش كېرەك.

4. پاختىكارلار كېۋەز تېرىشتىن باشقا، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش ۋە قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق، ئومۇمىي كىرىمنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بىرىنىڭ زىيىنىنى بىرى ئارقىلىق تولۇقلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىشى لازىم.

5. پاختىكارلار ئەڭ مۇھىمى، كېۋەز تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىشقا دائىر بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىشتا تېخنىكا جەھەتتىن پۇختا ئاساس سېلىشى، ئالاقىدار ئورۇنلار تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش... 

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: سىياسىي كېڭەش قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى)

# كۆكتاتچىلىقتا پۇل تېپىشنىڭ ئېپى

مەھمۇت ئادىل

كۆكتاتچىلىقتا پۇل تېپىشنىڭ ئېپى كۆپ، ئاساسلىقى بازار ئېھتىياجىنى ياخشى مۆلچەرلەپ پىلان بىلەن نىشانلىق گوق ئاتقاندىلا كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھازىر بازار ئاھالىسىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە بولغان ئېھتىياجى ئۆزگىرىپ، ئەسلىدىكى كۆزلۈك كۆكتاتلارنى - ياڭيۇ، يېسىۋىلەك، سەۋزىلەرنى كۆپلەپ يىغىۋېلىپ قىشچە ساقلاپ يەيدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا يېڭى كۆكتاتلارنى يېيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى بىنالىشىپ كەتكەچكە ئۈنچىلىك كۆپ قىشلىق كۆكتاتلارنى ساقلاش شارائىتىمۇ يوق.

دېھقانلىرىمىز ئەگەر بازارنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشكە يارىشا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەي، يەنىلا بۇغداي ئېگىزىغا يېسىۋىلەك (بەسەي) تېرىپ كىرىم قىلىشتەك ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىقنى ئۆزگەرتمىسە زىيان تارتماي قالمايدۇ. شۇڭا، تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

### 1. پەسىل تېپىشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش

قوغۇن - تاۋۇزنىڭ 7 -، 8- ئاي ۋە 9- ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.4 يۈەن بىلەن 0.8 يۈەن ئارىلىقىدا، 9- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن كېلەر يىلى 6- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باھاسى 1.5 — 15 يۈەن ئارىلىقىدا بولىدۇ، باھار بايرىمىنىڭ ئالدى-كەينىدە تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، قىزىل مۇچنى 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئادەتتە 12- ئايدىن 4- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باھاسى 4 — 10 يۈەن ئارىلىقىدا، تەرخەمەكنىڭ 12- ئايدىن 4- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باھاسى 3 — 5 يۈەنگىچە، كاۋىنىڭ كۈزدىكى باھاسى 0.2 يۈەن ئەتراپىدا، 12- ئايدىن 4- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باھاسى 2 — 4 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ. باشقا كۆكتاتلارنىمۇ پەسىل تېپىشتۇرۇپ ئىشلەپچىقارغاندا ياكى كۆزلۈك مەھسۇلاتلارنى يېڭى پېتى ساقلاپ كەمچىل پەسىللەردە ساتقاندا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

### 2. سورتنى مۇۋاپىق تاللاش

ھازىر شەھەردىكى ئائىلىلەردە ئادەتتە 3 - 4 ئادەم بار، كاۋىنىڭ كىچىكرەكىنى سېتىۋالىدۇ، بەك چوڭلىرىنى ئالمايدۇ. تەرخەمەكنىڭ توم-ئىنچىكىلىكى تەكشى، ساپاق قىسمى قىسقا، 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكىلىرىنى تاللاپ ئالىدۇ، ساپاق قىسمى ئۇزۇن، يوغان قورساق، سارغىيىپ قالغانلىرىنى ئالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ كۆكتاتلارنىڭ رەڭگارەڭلىرىگە بولغان ئېھتىياجى ئاشماقتا. مەسىلەن، پەمىدۇرنىڭ ئۈزۈكتەك چوڭلۇقتىكىسى تەخسىگە تىزىپ قويۇلۇپ خام پېتى ئىستېمال قىلىنىدىغان ھەرخىل رەڭدىكى «مارجان پەمىدۇر» غا بولغان ئېھتىياجى ئېشىۋاتىدۇ. قىزىل مۇچمۇ شۇنداق.

### 3. پەن - تېخنىكىغا تايىنىش

1) ئىلىم - پەنگە تايىنىپ، قات تېرىشنى كۆپەيتكەندە، يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئادەتتىكىدەك تېرىشقا قارىغاندا 1 - 3 ھەسسە ئارتۇق كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، كۈز كىرىشى بىلەن پارنىك ئىچىگە بالدۇر پىشار شوخلا تېرىپ، مەھسۇلاتنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، 12- ئايدا پەلىزنى ئېلىۋېتىپ تەرخەمەك تىكىپ 6- ئايدا پەلىزنى ئېلىۋېتىپ يازلىق جاڭدۇ تېرىغاندا بىر يىلدا ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولىدۇ. تېخنىكىلىق پەرۋىش قىلغاندا، شوخلىدىن ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. شوخلىنى ئادەتتىكى بىر شاخ قالدۇرۇپ پۇتاش تېخنىكىسى بويىچە پۇتاپ گۈل ئېچىلغاندىن كېيىن، يىلتىزىغا يېقىن قىسمىدىن چىققان بىخنى يېڭى شاخچە قىلىپ تەربىيىلەپ، بىرىنچى شاختىن چۈشكەن شوخلىلارنى يىغىپ سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تۆۋەندىن كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئىككىنچى شاخنى دائىملىق ئۇسۇلدا تەربىيىلەش، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىنچى شاختىكى شوخلىلارنى بازارغا سالغىلى بولىدۇ.

2) موگو بىلەن كۆكتاتنى سېتېرىئولوق شەكىلدە كىرىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، يەر، بوشلۇق، ۋاقىت ئايرىمىسى ۋە قۇياش نۇرىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى تېرىشقا قارىغاندا 3- 5 ھەسسە ئارتۇق كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا قىزىقىدىغان دېھقانلىرىمىز يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باقماقچى بولسا، ھەر دەرىجىلىك پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئورۇنلىرىنى، ئۆزى تۇرۇشلۇق ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى ياكى ئۆز ئەتراپىدىكى مۇشۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دېھقانلارنى ئىزدىسە بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا جان كۆيدۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى ياخشى پۇرسەتتە، نىيەت بىلەن غەيرەتلا بولىدىكەن، «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە».

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا خىزمىتى بۆلۈمى)**



# قۇمۇلنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا

سەمەت ئەمەت، ياقۇپ سايىم

ساياھەتچىلىك ـ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاممىۋىلىق، ئۇنىۋېرساللىقا ئىگە، ئېچىۋېتىشچانلىقنى ئۆزىگە ئالاھىدىلىك قىلغان پائالىيەت بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ، مۇھىم تاشقى پېرېۋوت يارىتىش مەنبەسى، كىرىم - چىقىمنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، بىر خىل «شەكىلسىز ئىمپورت» قىلىنىدىغان سودا - تىجارەت شەكلى. 1987- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پۈتۈن يىللىق ساياھەت كىرىمى 80 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1997- يىلىغا كەلگەندە، 20 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئۈچ تۈۋرۈك كەسپنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ساياھەتچىلىك ئالاقىدار كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىر تەرەپتىن رايونىمىزنىڭ قاتناش - ترانسپورت، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ساياھەتچىلەرنىڭ سانى داۋاملىق ئاشسا تۈرلۈك تاۋارلار ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج كۆپىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت، سودا، ھۈنەر-سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ. ساياھەتچىلىك جايلارنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە. تەبىئىي ۋە تارىخىي شەرت - شارائىتلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن چەت، ياقا جايلار ۋە تاغلىق رايونلارنىڭ تەرەققىياتى بەكمۇ تەكشىسىز بولۇپ كەلدى. مول بولغان ساياھەت بايلىقى ئېچىپ پايدىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ خىل يەرلىك ئەۋزەللىك تولۇق جارى قىلدۇرۇلسا، ۋىلايىتىمىزدىكى نامرات تاغلىق رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە تېزلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، گۈيجو ئۆلكىسىنىڭ ئەنشۈن ناھىيىسى ئەسلىدە كىچىك نامرات ناھىيە بولۇپ، ئۇلار كۆركەم، مەنزىرىلىك «خۇاڭ گوشۇ» شارقىراتمىسىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە بىر يىلىلا 200 مىڭ نوپۇسقا ئىگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەرەققىي قىلغان شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى. ساياھەت كىرىمىلا شۇ جايدىكى ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بولدى.

ساياھەتچىلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش نۇقتىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىغا ئىگە. ساياھەتچىلىك بىر خىل ئەمگەك زىچلىقى تىپىدىكى ساھە. ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى تۈرلۈك كۈتۈۋېلىش ئەسلىھەلىرى، سودا ماگىزىنلىرى، مېھمانساراي، قاۋاقخانا، ترانسپورت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان بىناكارلىق، بېلىقچىلىق، ياساش كەسپى، يېمەكلىك، سودا، مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

رايونىمىز ساياھەت كەسپىدە چەكسىز يوشۇرۇن ئەۋزەللىككە ئىگە. قارا دۆۋىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان 3200 يىللىق جەسەت شاتخەي قاتارلىق جايلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. تاشبالىقتا تەۋە جىياۋگۇ جىلغىسىدىكى ھەرخىل قىيا تاش رەسىملىرى قۇمۇلدا قەدىمكى دەۋردە ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تۆمۈرتى ئەتراپىدىن تېپىلغان «مايترى سىمىت» شىنجاڭنىڭ دىن تارىخى، تىياتىر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى ۋە ھېيتگاھ مەسچىتى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۇيغۇرغول كۆيلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭ چىقىرىپ ئەل ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. قۇمۇل مۇقامى، قۇمۇل سەنئىتى، قۇمۇل مەشرىپى ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبى بىلەن شىنجاڭ ۋە باشقا جايلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل ساھەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. قۇمۇل يەنە دۆلەت ئىچى - سىرتىغا داڭلىق قوغۇن ماكانى، قوغۇننىڭ بۇ ماكاندا تېرىلىش تارىخى 2 مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ. دېمەك، قۇمۇل ئۇزۇن تارىخقا، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك تۈسكە ئىگە قەدىمىي يۇرت. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىمۇ كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ ئېچىپ پايدىلىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

شۇڭا، قۇمۇلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

قۇمۇلنىڭ ئۆزگىچە يېڭى ساياھەت تۈرلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش كېرەك، يەنى قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى، ئاقتاش تەبىئەت مەنزىرىسى، قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، قەيس غوجام مازىرى، نېرىنكىر قۇم تېغى، يار داڭلىق، ئاراتام، تاراتى، قالغايتى تەبىئەت مەنزىرىسى قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى داۋاملىق ئېچىپ پايدىلىنىش، يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت تۈرلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. يېڭىدىن ئېچىلىدىغان ساياھەت نۇقتىلىرى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، يايلاق، ئۆستەڭ، ئورمانلىق، كۆل، ئامبار، قارلىق چوققا قاتارلىق نۇقتىلارنى مەركەز قىلىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان ساياھەت نۇقتىلىرىدا ئازراق ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى دەپ تەبىئەت مەنزىرىسىنى ۋە شۇ يەرلەرنىڭ مۇھىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان ۋە نابۇت قىلىۋېتىدىغان، قىسقىسى ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز «تىجارەت» لەرنى بىردەك چەكلەش كېرەك.

ساياھەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. قۇمۇلنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە تارىخىي، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۆزگىچە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. شۇڭا، ساياھەت نۇقتىلىرىنى ۋەيران قىلىش، بۇلغاش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەمۇرىي ۋاستە، ئىقتىسادىي ۋاستە ۋە قانۇنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، ساياھەت بايلىقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىممىتىدىن سىجىل پايدىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ساياھەت نۇقتىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. يېڭى مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ئاچقاندا بىر مەنزىرە نۇقتىسىنى قۇرۇش بىلەنلا توختاپ قالماي، بەلكى ئۆزئارا ماسلاشقان كۆپ خىل مەنزىرە نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، يېتىش - قونۇش، سەيلى - ساياھەت، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا ئائىت ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ساياھەتچىلىكنىڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھازىر رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى يەنىلا ئاجىز بولغانلىقتىن ساياھەت نۇقتىلىرىغا تۇتىشىدىغان ھاۋا قاتنىشى، ترانسپورت، خەۋەرلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش يەنىلا زور توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ ھالەتكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، قاتناش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، سېلىنما مەنبەسىگە ئامال تېپىپ، كونا ئەسلىھەلەرنى ئۆزگەرتىش، يېڭى ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىش كېرەك، بولۇپمۇ زامانىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە لىنىيىلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، ساياھەت لىنىيىلىرىدە مال سېتىۋېلىش بازارلىرى بولۇش، پوچتا - خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، تاشقى ئىشلار، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تاموژنا ۋە تاۋار تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ئايرىم ئورۇنسىز رەسمىيەتلەرنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئەنسىزچىسى، رازىمەنلىكى ۋە قايتا قەدەم تەشرىپ قىلىش ئارزۇسىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

قىسقىسى، ساياھەتچىلىك قېرىنداش ئۆلكە، رايونلار ۋە دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور يوشۇرۇن ئەۋزەللىككە ئىگە مۇھىم مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، كارخانىلار، خۇسۇسىي، يەككە تىجارەتچىلەر، مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى قۇمۇلنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى لازىم.

(سۈرەتنى زۇلپىيە ئابدىرېھىم تارتقان)

(ئاپتورلارنىڭ ئادرېسى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى)

# موسكۋا خىياللىرى




نەبىجان تۇرسۇن

## ئەتىرگۈل ۋە كىتاب

1990- يىلىنىڭ بېشى ۋە س س س ر پارچىلانغان دەسلەپكى يىلى 1991- يىلى موسكۋا ھەققىدىكى خىياللىرىم ئېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن چاغ بولدى. ھەممە يەردە ئۆچىرەت، ماگىزىنلاردا مال، بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەك خىلىلا كەمچىل ئىدى. بەزى تاۋارلار ئىسكىلاتقا سولانغان. موسكۋا شەھىرىدە بىر خىل جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. لېكىن، ئىككىلا نەرسە ھەممىلا يەردە ھاياتقا گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇ نەرسە - ھەر خىل گۈللەر ۋە روسلارنىڭ ھاياتىدا ئىككىنچى بولكا (نان) دەپ ئاتالغان كىتاب ئىدى. رەڭگىرويىدىن ئېغىر روھىي بېسىم چېقىپ تۇرغان روس كىشىلىرى پەقەت بىرلا نەرسىدىن يەرنى كىتابتىن ئۈزلىرىگە تەسەللىي تاپالايتتى. ئاپتوبۇس، تراموۋاي، مېترو، ساماليوت، تاكسىلاردا كېتىۋاتقان ھەتتا، پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ قولىدىن گېزىت، كىتابلار چۈشمەيتتى. (ئۇلار تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدىن تولۇق، ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇشقا تىرىشاتتى. ئەگەر بىرەر كۈن تېلېۋىزور ياكى گېزىت خەۋەرلىرىنى كۆرەلمەي قالسا، خۇددى بىر كۈن ئاچ قالغاندەك ئەپسۇسلۇقتىن ئىچى سىقىلاتتى). شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مېترو، تراموۋايلاردا، ئاپتوبۇس، تاكسىلاردا ھەمدە پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل چىرايلىق گۈللەرنى كۆتۈرۈۋالغىنىنى، شۇنداقلا چىرايىدىن بىر خىل خۇشاللىق ياكى ئاللىقانداق جىددىيلىك چىقىپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ، جۈملىدىن روس خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر خىل خاتىرە كۈنلىرىدە ئۆزئارا گۈل تەقدىم قىلىش، ياش يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن قىزلىرىغا دائىم گۈل سوۋغا قىلىپ تۇرۇش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. ئۇنداق چاغلاردا قىز تەرەپنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈللىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزئارا دوستلۇق، ھەرخىل ھېيت - بايرام، بولۇپمۇ «ئاياللار بايرىمى» ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجە قازانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ گۈل تەقدىم قىلىنىدۇ. ئۇلاردىكى يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنە، بىزگە ئوخشاشلار كونسېرتلاردا ئۆزلىرى خالىغان ئارتىستلارغا گۈل تەقدىم قىلىشتىن سىرت خىزمەت، ئىلمىي ئەمگەكلەردە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغىمۇ گۈل تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. (بۇ خىل گۈل تەقدىم قىلىش گاھىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىنمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە). گۈل تەقدىم قىلىشنىڭمۇ ئۆز قائىدىسى بولۇپ، تاق سان ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە تەقدىم قىلىنىدىغان گۈللەر 3 ياكى 5، 9، 11 تالدىن تىزىلىدۇ. مەيلى قانچىنى تەقدىم قىلماڭ، خۇشاللىق، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن تاق سان بولۇش كېرەك، جۈپ سان چوقۇم قايغۇدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ ۋە مۇسىبەت خاتىرىسى ئۈچۈن مۇشۇ جۈپ سان بويىچە گۈل قويۇلىدۇ.

قىسقىسى، گۈل تەقدىم قىلىش رۇسلارنىڭ، جۈملىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، سىمۋول خاراكتېرلىق بىر ئەنئەنە. ئەينى ۋاقىتتا موسكۋاغا كەلگەن جۇڭگولۇقلارمۇ رۇسلارنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆزئارا گۈل تەقدىم قىلىدىغان بولۇشقانىدى. ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ رومانتىك ئالاھىدىلىكىدىن مەستخۇش بولغان، ئەمما بۇ ھەقتىكى قائىدىلەرنى پىششىق بىلىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن جۇڭگولۇق بىر ساۋاقدىشىم موسكۋاغا كېلىپ كېيىنكى ھەپتىسىلا بىر گۈزەل رۇس قىزىغا گۈل تەقدىم قىلغانىكەن، ئەپسۇس، ئۇ، قىزنىڭ تەشەككۈرىنى ئەمەس، ئەكسىچە تىل - ئاھانىتىنى ئاڭلاپتۇ. ئىسلى ساۋاقدىشىم ئۇقۇشماسلىق بىلەن ئۇ قىزغا تۆت تال گۈل تەقدىم قىلىپ قويغانىكەن. بۇ گۈللەرگە خۇش بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە خاپا بولغان قىز: «كىمىڭگە شۇملۇق تىلەيسەن، كۆتۈر بۇ نېمەڭنى!» دەپ ۋارقىراپ گۈللەرنى بېشىغا ئاتقاندا، جۇڭگولۇق بۇ ساۋاقدىشىم داڭقېتىپ قېلىپ يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي نەچچە كۈنگىچە بېشىنى سىلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ، پەرىشانلىق ئىچىدە ئەھۋالنى ماڭا ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈمنى باسالماي كۈلۈپ كەتكەنىدىم. ئىككىمىز چىرايلىق بەش تال ئەتىرگۈل ئېلىپ ھېلىقى قىزنىڭ قېشىغا يەنە باردۇق. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى ئېيتتىم، «بىزنىڭ جۇڭگودا ئوغۇللار قىزلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ جۈپ ساندا گۈل تەقدىم قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ قائىدىسى بويىچە سىزگە تۆت تال گۈل تەقدىم قىپتۇ» دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويدۇق. قىز خۇشاللىق بىلەن گۈلنى ئالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ قىز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. كېيىن بۇ ھېكايە ئاسپىرانتلار ئارىسىدا تارقىلىپ لەتىپىگە ئايلىنىپ كەتتى.

گۈلدىن ئىبارەت تەبىئىي گۈزەللىك ئارقىلىق ئىنسانلار ھاياتلىقنى بېزەيدۇ، قەدىرلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ. يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، ياۋروپالىقلارنىڭ، جۈملىدىن رۇسلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا شۇنچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان گۈل، ئەلۋەتتە، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. گۈل ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، شۇنداقلا گۈل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پاك - سەممىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى. يىگىتلىرىمىز پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ياكى ئەتىرگۈلنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ چېچىغا قىستۇرۇپ قويۇش ياكى قىزلىرىمىز چېچىغا گۈل قىسىپ يۈرۈش ئەنئەنىۋى ئېسىل ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى. ھاياتىمىزدا گۈل شۇنچىلىك قەدىرلىك بولغاچقا، قىزلىرىمىزنىڭ ئىسمىغىمۇ «گۈل» ئىبارىسىنى قوشۇپ ئاتايمىز. بۇ ئادەت مېنىڭچە، بىزگىلا خاس بولسا كېرەك. ھەتتا ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكىمىزدىمۇ كۆپلىگەن دورىلارغا قىزىلگۈل قېتىپ ياساپ ئىستېمال قىلىمىز، قىزىلگۈلدىن ئېسىل ئىچىملىك ياسايمىز. ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا، قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل بەرگىنى تاۋۇت ئىچىگە چاچىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي قول سانائىتىمىزدىمۇ گۈلنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ رەختلەر، گىلەملەر، تەڭلىمات كىگىزلەرگە گۈل باسىمىز. رەختلەرگە ئېسىل گۈل نۇسخىلىرىدىن كەشتە ئىشلەيمىز. ئۇيغۇر مىمارچىلىقىدىمۇ گۈل نەقىشلىرى ئىشلەش بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىمىز. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن لۇتپى، نەۋائىي، خىرقىتى، زەلىلىي، نىزارىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ گۈل توغرىسىدا قالتىس ئېسىل مىسرالارنىڭ قالدۇرۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئەپسۇسكى، ھازىر بىزنىڭ گۈلگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئېسىل ئادەتلىرىمىز يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. پاك مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بىسۆپىتىدە قىزلىرىمىزغا گۈل تەقدىم قىلىدىغان ئادەتلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن يوقالغان. (گەرچە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ). بىزنىڭ گۈلنى شۇنداق قەدىرلىگەنلىكىمىز ئەسلىدىنلا ئانا تەبىئەتنى ۋە تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئاق كۆڭۈل، ساپدىل، سەممىي، تىنچلىقپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. نىيىتىمىزنىڭ ساپلىقى، كۆڭلىمىزنىڭ ئاقلىقىدىن يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر قانداق مېھمانىنى دەستە - دەستە گۈل تەقدىم قىلىپ كۈتىۋالىمىز ھەمدە چىن سەممىيلىك بىلەن سورۇننىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆزىمىز پەگادا ئولتۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ بار نەرسىمىزنىڭ ھەممىسىنى ھەم ئىچ سىرىمىزنى قوشۇپ ئايىماي مېھماننىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، ئۆزىمىز ئاچ - زېرىن يۈرۈشكە رازى ئەمەسمۇ؟ ... قىسقىسى، گۈل مەنىۋى كامالەتكە تەلپۈنگۈچى ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەڭ يارقىن سىمۋولى.

مەن موسكۋادا ياشاش جەريانىدا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقىم ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقى ئېسىمدە يوق. بىر مەنزىرە تاھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

1991- يىلى قارلىق كەچ. مەن مېھماندارچىلىقتىن يېنىپ ياتىقىمغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئون نەچچە قەدەم نېرىدا ئىت يېتىلەپ كېتىۋاتقان زىلۋا بويلۇق بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. قىز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشىدىن تاماكا سورىۋېدى، ئۇ كىشى تاماكا يوقلىقىنى ئېيتتى. يەنە بىرسىدىن سورىغانىدى، ئۇ كىشى تاماكا چىقىرىپ قىزغا بەردى ھەم قىزنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەرگەچ قىزغا پوخورلۇق قىلدى. قىز ئەمدىلا بىر شورىغان تاماكىنى ئاغزىدىن شۇ زامات يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى - دە كېتىپ قالدى. بىر دەمدىن كېيىن قىز يەنە تاماكا چېكىپ كېتىۋاتقان بىر ئېگىز بويلۇق يىگىتتىن تاماكا سورىدى، يىگىت تاماكىدىن بىر تال بېرىپ ئوت تۇتاشتۇرغاچ قىزغا بىرگە سەيلە قىلىش تەكلىپىنى قويدى. قىز بىر نېمىلەرنى دەپ

قارشىلىق بىلدۈرگەندەك قىلدى. يىگىت ئۇنىڭغا يەنە گەپ ئاچتى. ئاخىرى قىز تاماكىنى تاشلاپ، ئوينىقلاپ - تېپچەكلەپ كېتىۋاتقان كۈچۈكنى سىلىكىپ تارتقىنىچە كېتىپ قالدى. دېمەك بۇ قىزنىڭ بەك خۇمارى تۇتقان بولسىمۇ، تاماكا ئالاي دېسە يېنىدا پۇلى يوق، چەكمەي دېسە ئامالسىز قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرى مەن قىزغا يېتىشىۋالدىم - دە، ئۇنى توختاتتىم. قىز ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن خاپا چىراي ھالەتتە قارىدى.

- كەچۈرۈڭ، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن، - مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. بىر مىنۇت مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسىڭىز، مەن سىزگە تاماكا ئەكىلىپ بېرەي.

قىز ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىدى. كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ مۈرىسىگە چۈشكەن ئالتۇن چاچلىرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەگمە قاشلىرى قائىشارلىق بۇرنىغا خوپ ياراشقان، ئۇزۇن كىرپىكى يوغان، چوڭقۇر كۆزلىرىگە قوشۇلۇپ ئادەمگە بىر خىل سېھىرلىك تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. ئەمدىلا 17-18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ جىددىي ئەمما سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان كۆزىگە پاكلىق ۋە ھاياتىي كۈچ يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ماڭا ئىشەنچسىزلىك بىلەن كۆزلىرىنى يالت قىلىپ تىكتى - دە:

- مەن سىزدىن تاماكا سورىمىدىم، كەچۈرۈڭ، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، رەھمەت، - دېدى ئۇ رەت قىلىپ.

- مېنى باياتىنقى ئادەملەرگە ئوخشاتماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

- ھە، سىز ھەممىنى كۆرۈپسىز - دە؟ بولدى، ئەمدى خۇمارىم بېسىقتى، - دېدى قىز.

بىز ئاشۇنداق پاراڭلاشقاچ مېتورونىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق. مەن دەررۇ بېرىپ بوتكىدىن ئىككى قاپ تاماكا، بىر دانە چاقماق ئالدىم - دە، ئۇنى قىزغا بەردىم ھەم تاماكىغا ئۆز قولۇم بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردىم. قىز تاماكىنى شورىغاچ ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ مەندىن ھېلىقى ئادەملەرگە ئوخشاش تاماكىنى بېرىپلا ئاللىقانداق بىرەر شەرت قويىدۇ دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئۇ، تاماكىنى ئارقا - ئارقىدىن شوراپ سورىدى:

- سىز تاماكا چېكەمسىز؟

مەن تاماكا چەكمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ، خىجىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى، ئىمكان بار تاماكىنى تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، چىرايلىق ئېچىلغان ئەتىرگۈلدىن ئۈچنى سېتىۋېلىپ، قىزنىڭ يېنىغا باردىم. قىز كەتمەي مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەن قىز مېنى ساقلىماي كېتىپ قالارمۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەكسىچە ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەن گۈلنى قىزغا بەردىم. قىز تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن گۈلنى ئالدى - دە، ماڭا قاراپ سۆزسىز تۇرۇپلا قالدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا قىز مەندىن:

- سىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنمۇ؟ - دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، قىز ھەيرانلىق بىلەن:

- مەن سىزنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۆزبېك ياكى قازاق دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. راستىنى دېسەم، سىز جۇڭگولۇققا ئوخشىمايدىكەنسىز، - دېدى.

مەن قىزغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى، جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودىكى چوڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن قوشنا ۋە نۇرغۇن جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى سۆزلەپ بەردىم.

- بۈگۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، - دېدى قىز ھاياجان بىلەن، - بوۋام دەل ئۇيغۇرشۇناس ئىدى. ئۇ، ۋاپات بولۇپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرىنى ئوقۇغان. ئىشقىلىپ، بوۋامنىڭ شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە خېلى داڭلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىز ھازىرچە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ساقلاۋاتىمىز. قارىسىڭىز ھەممىسى شەرقشۇناسلىققا ئائىت كىتابلار. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ شەرقتىكى نۇرغۇن جايلارغا بارغانلىقىنى ئېيتقان ھەتتا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماڭا كۆپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. ئويلىمىغان يەردىن بوۋام سۆزلەپ بەرگەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۇچرىتىپ قاپتىمەن. بەك ياخشى بولدى. خالىسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ، مەن سىزنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇراي. بوۋامنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭ. قىزىقسىڭىز ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇڭ، - دېدى.

- مەنمۇ بەكلا خۇشال بولدۇم، ئۇيغۇرشۇناسنىڭ نەۋرىسى بىلەن تاسادىپى تونۇشۇپ قالىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن، - دېدىم مەن.

مەن قىزغا خۇشاللىق ۋە ئامەت تىلەپ خوشلىشىپ، مېترو تەرەپكە ماڭدىم. مېترو ئىشىكىدىن كىرىشتىن ئىلگىرى ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ قىز گۈلنى تۇتقىنىچە ماڭا قېتىپ قالغاندەك قاراپ تۇراتتى. شۇ چاغدىلا مەن ئۇ قىزغا دادىللىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ، ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىپ ياخشى قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يارىشىملىق، لاتاپەتلىك پىگورىسى كۆزۈمگە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. ئۇنىڭ ماڭا مېتروغا كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇرغىنىدىن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، ئۇ ئۆيىگە بارغاندا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىن بۇ گۈلنى كىم تەقدىم قىلدى؟ دەپ سورىسا، بۇنىڭ بىر ئۇيغۇر تەقدىم قىلدى دەر. ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ناھايىتى خۇشال بولار. ئۇ قىز ھەتتا ساۋاقداشلىرىغا، دوستلىرىغا ئۇلار ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەر.

تەقدىرنىڭ ئەڭ قىزىق بىرى شۇكى، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، مەن موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگوشۇناسلىق سىنىپىغا دەرس بەرگىنىمدە، ناتاشا

ئىسىملىك بۇ قىزمۇ موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدى. ئۇ قىز سىنىپتا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇپ كەپتۇ. شۇ سائەتلىك دەرستە مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرنىڭ سۈرەتلىك ئالبوملىرىنى كۆرسەتتىم. شۇنداقلا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم. ئىلگىرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان بۇ ياش ئوقۇغۇچىلار مانا ئەمدى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. كېيىن ئۇ قىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرشۇناس بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناتاشا بىكار ۋاقىتلىرىدا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كىتابلىرىنى خېلى كۆپ ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمى سىنىپ بويىچە خېلى مول ئىدى. ناتاشا ۋە سىنىپتىكى بىر قانچە بالا ئۇيغۇرشۇناس بولۇشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدە بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

دېمەكچىمەنكى، ئاشۇ قارلىق كېچىدىكى ئاددىيغىنە بىر دەستە گۈل نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ـ ھە! ئاشۇ ئاددىيغىنە گۈل ناتاشانىڭ قەلبىدە قانچىلىك ئورۇن تۇتقان بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئاشۇ گۈل ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

رۇسلارنىڭ (باشقا خەلقلەردىمۇ بار، ئەلۋەتتە) كىتابقا بولغان مۇھەببىتى نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى رۇس زېمىنىغا تۇنجى بولۇپ ئاياغ باسقان كىشى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ. رۇسلار كىتابنى مەنىۋى بايلىق شۇنداقلا ماددىي ئوزۇقلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەنگەچكە، كىتابقا «2ـ بولكا» دەپ نام بەرگەن.

دېمەكچىمەنكى، رۇس ھاياتىدا بولكا (نان) بىلەن كىتاب تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. مەيلى ئىشچى، دېھقان ياكى ئالىم بولسۇن، كىتابقا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز مەخسۇس كىتاب جاۋىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە سىز بىلەن پاراڭلاشقاندا چوقۇم ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر ياكى مەلۇم بىر يازغۇچى توغرىسىدا قىزغىن سۆھبەتلىشىدۇ.

رۇسلاردا بىر ـ بىرىگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابنى تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ھەتتا قىز ـ يىگىتلەرمۇ دوستلۇق ۋە مۇھەببەت خاتىرىسى ئۈچۈن ياخشى يېزىلغان كىتابلارنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن مەخسۇس كىتابپۇرۇشلار، كىتاب ۋە نەشرىيات سودىگەرلىرى كۆپەيدى. كۆپلىگەن نەشرىياتلار ۋە فوتوگرافىيە ئورۇنلىرى شەخسلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى ياكى ھۆددىگە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە نەشرىياتچىلىقىدا يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرى باشلىنىپ، نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سۈپىتى، تۈرى تېخىمۇ ئاشتى، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. بۇرۇنقى ئىدېئولوگىيە كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان نەشرىيات سودىگەرلىرى ۋە نەشرىياتچىلار بازار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەر خىل تېمىدىكى كىتابلارنى تارقىتىش بىلەن بىرگە بازارغا جىددىي ئېھتىياجلىق كىتابلارنى كۆپلەپ باستى. شۇڭا ھازىر موسكۋانىڭ ھەر قانداق كوچىسىدا، ھەر قانداق مېترو ئىستانسىسى زاللىرىدا كۆپلىگەن كىتاب يايمىچىلىرىنى كۆرىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈلۈشى بىلەن يېڭى ـ يېڭى گېزىتلەر نەشر قىلىندى. بەزىلىرىنىڭ ناملىرى ئۆزگەرتىلىپ مەزمۇن، سۈپەت جەھەتتىن تامامەن يېڭىچە تۈس ئالدى. ئاشۇ كۈندىلىك چىقىۋاتقان گېزىتلەرنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن بولسا، ئادەمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، روسىيە ۋەزىيىتى، دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى خېلى يېتەرلىك ھالدا ئۆسكەن بولاتتى. ھازىر بۇ يەردىكى ئادەملەر غەرب دۆلەتلىرىگە ئوخشاشلا گېزىت ئۇچۇرلىرى بويىچە ئىش ئىزدەيدىغان، ئۆزلىرىگە جۆرە تاپىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىر قانچە يىلنىڭ ئىچىدىلا بارلىققا كەلدى.

روسىيىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈستۈن بولۇشى مەدەنىيەت سەمەرىسى بولغان كىتابنى قەدىرلەش ۋە سۆيۈش بىلەن بىرگە ئۆز تۇرمۇشى، ھاياتى، مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن بولغان. سىز بۇ يەردە مەيلى بوۋاي ـ موماي ۋە ياكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسۇن، ھەر قانداق ھاكىمىيەت ئالمىشىۋاتقان كىشىلەر توغرىسىدا سوئال سورىسىڭىز، شۇ زامات سىزگە ئۆز كۆز قارىشىنى ئوچۇق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ناتىقلىق، سۆزمەنلىك، نۇتۇققا ئەھمىيەت بېرىش روسىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر قانداق كىشى ئۆز سەۋىيىسى بويىچە چىرايلىق، راۋان جۈملەر بىلەن ئۆز كۆز قارىشىنى ئەركىن بايان قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى بىزگە سېلىشتۇرساق، ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە ناتىقلىق ئالاھىدىلىكى ناھايىتى كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز، خىزمەتچىلىرىمىز، باشلىقلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن قەغەزگە قارىماي تۇرۇپ مىكروفون ئالدىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئەركىن، دۇدۇقلىماي بايان قىلالمايدۇ. ئادەتتىكى سۆھبەتتىمۇ بۇ ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزلەش ئۇسۇلىمىز، سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمىز ۋە تەلەپپۇزىمىز، سۆزلىگەن چاغدىكى روھىي كەيپىياتىمىز كۆپىنچە ھاللاردا يېقىمسىز، قوپال تۈس ئالغان: بىز سىپايىلىق، مۇلايىم، ئىلمىي، ئەدەبلىك سۆزلەشنى بىر خىل ئاجىزلىق، ئۇ، «ئەرلەرگە خاس

ئەمەس» دەپ قارايمىز. ھەتتا ئاخبارات خادىملىرىمىز، يەنى مۇخبىرلىرىمىز، رادىيو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى رىياسەتچىلىرىمىز، دىكتورلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل قوپاللىق ياكى پىكرىي مەجرۇھلۇق (مۇھەررىردىن) كەيپىياتلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر نەرسىنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر بىر مىللەت ئۆزىگە خاس مىللىي پسخىكا ۋە تىلغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇڭا بىز دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل ئېسىل ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز، مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستۈنرەك بولغان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئەگەر سىز تاشكەنت كوچىلىرىدا يۈرسىڭىز، ئۆزبېكلەرنىڭ شۇنچە يۇمشاق - سىلىق، ئىلمىي يوسۇندا بىر - بىرى بىلەن سۆزلەشكىنىنى، تىنچلىق سوراشقانلىقىنى كۆرىسىز. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرسىڭىز دىكتورلار شۇنچە لاتاپەتلىك سۆزلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە پۇختا بولۇپلا قالماي، بىلىملىرىنىڭ ئاجايىپ مول ۋە ئەترابلىق ئىكەنلىكى، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇرىدۇ.

يامان يېرى شۇكى، بىزدە كىتابقا يامان كۆز بىلەن قاراش، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئەقلىي ئەمگەكنى قەدىرلىمەسلىك خاھىشى ئېغىر، بۇ بىزنىڭ ئەڭ نومۇس قىلارلىق ئاجىزلىقىمىز. بىزدە 80% ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇمايدىغانلىقى ئېنىق. ئىلمىي خادىملار، كىتابخۇمار كىشىلىرىمىزنى كىتاب مەستانىسى ياكى كىتاب خالتىسى دەپ مازاق قىلىدىغان، كىتاب سېتىۋالغۇچىلارنى كۆرسە، مەسخىرىلىك قاراپ قويىدىغان ئىش پەقەت بىزدىلا مەۋجۇد بولسا كېرەك. كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان، بىلىم ئىشقىدا يۈرگەن ئادەملەرنى پەس كۆرىدىغان ئىللەت بىزدىلا بار، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىم بەك تىرىشسا، كىم كېچە - كۈندۈز كىتاب كۆرسە ئۇنى ئارىغا ئالمايدىغان، ئۇنىڭغا ھەرخىل لەقەملەرنى قويىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋال ئەۋج ئالغان. ئۇنداق باللار ھەر جەھەتتىن چەتكە قېقىلىدۇ، ھاقارەتلىنىدۇ، مازاق قىلىنىدۇ. ئۆي - ئوچاقلىق كىشىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەھۋالدا يەنە زور پەرق يوق؛ بەزى ئاياللار ئېرى ھاراق ئىچسە قىممەت باھالىق تاماكىلارنى چەكسە شۇنىڭغا چىدايدۇكى، بىرەر كىتاب سېتىۋالسا، چىدىمايدۇ، تاپا - تەنە قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ كىشى ئايالىدىن يوشۇرۇن كىتاب سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ ... بۇ نېمىدېگەن زور پاجىئە - ھە؟! بۇنداق پاجىئە پەقەت بىزدىلا مەۋجۇد. ئەگەر سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، مىللىتىمىز-نىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى يۈكلەنگەن ئاشۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ يامان ئىللەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا ...

خەلقىمىز ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، كەمبەغەللىك، كېسەللىك دەردىدىن بارچە ئۈمىدىنى ئاشۇ جەسۇر، قانلىرى قايناپ، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا - ئاشۇ ئوت يۈرەك ياش ئەۋلادلارغا يۈكلىگەن تۇرسا، ئۇلار تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ خەلق، مىللەت، شۇنداقلا كېلەچەك ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى ئۇنتۇپ، يەنىلا بىر - بىرىنى ھاقارەتلەپ يۈرۈشمەكتە ۋە تەستە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتماي، چۈشكۈن - نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا ئەمەس ئارقىغا قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ساۋاتسىز ئادەملەردەك قوپال، گېپىنىڭ تۇتامى، باش - ئاخىرى يوق، ئەركىن پىكىر بايان قىلىشنى، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. روس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى بولسا ئۇنداق ئەمەس.

موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتۈش، 1991- يىلىنىڭ بېشىدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا - ئافرىقا ئىنستىتۇتىدا يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم لېكسىيە ئاڭلاش، شۇنداقلا ئالما - ئاتا ۋە تاشكەنت، سانكىت - پېتربورگ قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى پسىخىكا ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. نەتىجىدە مەن ئىككى دۆلەتنىڭ ماتارىپ جەھەتتىكى ئۆزگىچە مېتودىكىلىق پەرقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، روس ئوقۇغۇچىلىرىدا ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭرى، بىلىمىنىڭ چوڭقۇر، مۇستەقىل - ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش روھىغا باي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۈگۈنكى روسىيەدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر بېسىم تۈپەيلىدىن زور قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار يەنىلا چىداشلىق بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار روسىيە جەمئىيىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنىپ، روس مىللىتىنى كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ئىشەنچلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، يەنىلا تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى، ئەقىل - پاراستىنى ئورتاق مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلىۋاتىدۇ. كېسىپ ئېيتىمەنكى، روس ئالىي

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقتا چىداش روھى بىزنىڭ ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭكىدىن كۈچلۈك. روس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش - ئۆگىنىش، قىسقىسى، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بىر ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىش ھەر بىر ياشنىڭ مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايدۇ. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن روسىيىدە كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولدى. ھەممە ئادەم ياشاش ئۈچۈن پۇل تېپىشقا، چوڭ - كىچىك سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. زىيالىيلارنىڭ مائاشى بىراقلا چۈشۈپ، جان بېقىش ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە جايدا زىيالىيلار، مائارىپچىلار تەبىقىسى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى. ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىناۋىتى ۋاقىتلىق يەرگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى تۈپەيلىدىن، پۇل تاپقان ھەر قانداق باي، مەنسەپدار، ھەتتا قاراقچىنىڭمۇ بىلىمى بار ئادەم ئۇچرىسا: ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلىۋاتقان، ئەپۇ سوراۋاتقان، ھۆرمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان سورۇنلاردا يەنىلا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئەسكەرلەرگە ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىق ئادەت. چۈنكى باي - مىليونېر بولسۇن ياكى قارا قوللار گورۇھىنىڭ ئادەملىرى ۋە ياكى ئىشچى - دېھقانلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ نەزىرىدە بىرلا نەرسە، يەنى «ۋەتەن»، «روسىيە» دېگەن مۇقەددەس ئۇقۇم مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ھەممىلا جايدا، ھەتتا ئاپتوبۇس، مېترولاردىمۇ روسىيىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىتى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، مۇشتلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنى دائىم ئۇچرىتىش مۇمكىن. روس ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، جۈملىدىن روس زىيالىيلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئەڭ بەك قايغۇرىدىغان زور كۈچ. ئۇلار ئېگىلمەس - سۇنماس روھ - ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان روھقا ئىگە. روس زىيالىيلىرىدا بىزدىكىدەك ئىتتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئۆز مەنپەئەتىنى ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ساختىپەزلىك ياكى ئىرادىسىزلىك، بوشاڭلىق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىللەتلىرى مەۋجۇت ئەمەس. نادان خەلقنى ئالدايدىغان، روس خاراكتېرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان، پېشقەدەملىرى بىلەن ياشلىرى بىر - بىرىگە ئورا كولايدىغان، بىر - بىرىسىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ تۆھپىلىرىنى ئىنكار قىلىشىدىغان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن مەشھۇر خەلق رەھبەرلىرى، ئالىم، شائىر - يازغۇچىلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنى، ئەمگىكىگە توغرا، ئىلمىي باھا بەرمەستىن، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان، ئەخلاقسىز قىلمىشلار، قوپالراق ئېيتقاندا، قارا قورساقلىقلار مەۋجۇت ئەمەس. ھازىر بىزدە پۇلى بارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق ئىنتايىن زور. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا «نادانلىق» تىن ئىبارەت بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بۈگۈن بىزنىڭ ئىچكى كاۋاك بولۇشىغا قارىماي بىر - بىرىنى يارىتىشمايدىغان بىر تۈركۈم «بىچارە» زىيالىيلىرىمىز (ئەلۋەتتە، بىر تۈركۈم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى) ئۆتكەنلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، دۇنيادىكى ئىلغار زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، مىللىتىنىڭ يۈز - ئابرۇيى ئۈچۈن كۆرۈش قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلماقتا.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنى چوقۇم باشقىلارغا سېلىشتۇرۇشى كېرەك. جەنۇبىي كورىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلىم ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان قاتتىق سۆڭەك روھى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىق روھى، غەربلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش روھى، روس ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش روھى بىزگە ئۆرنەك بولۇشى كېرەك. پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىيلىرىمىز بولسۇن چوقۇم كاللىسىنى سەگىتىپ، باشقىلار قانداق، مەن قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

ئەگەر بىز ئىلگىرى ھېچقانداق مەدەنىيەت ياراتمىغان ياۋايى بىر مىللەت ئەۋلادلىرى بولساق ئىدۇق، چۈشكۈنلىشىپ كەتسەكمۇ ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، تارىختا جاھان مەدەنىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەتنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىمىزگە ۋە كەلگۈسىمىزگە جاۋاب بېرەلمىسەك، دۇنيادا بىز ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جىنايەت يوق!

لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مىللىتىمىز ئاشۇ قىزىل ئەتىرگۈلدەك گۈزەل، ھەم ئاشۇ گۈل تۇيغۇلىرىدەك سەمىمىي، پاك ۋە غۇبارسىزلىقى بىلەن چوقۇم نادانلىق، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، دۇنياغا تېخىمۇ گۈزەللىك ئېلىپ كېلىدۇ، جاھان مەدەنىيەت گۈلزارلىقىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. گۈل مىللىتىمىزنىڭ سىمۋولى بولسا، مەرىپەت - مەدەنىيەت مىللىتىمىزنىڭ ھاياتلىق - مەۋجۇدلۇق نىشانىدۇر.

(داۋامى بار)

# روھ ئانالىزى تىزىسلىرى

س. فروئىد (ئاۋستىرىيە)

**مۇشتەرىلەرگە سەمىگە:**
مۆھتىرەم مۇشتەرى، مەزكۇر تەرجىمە ئەسەر ئىلگىرى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا 2 باب بېرىلگەن. بىز كەڭ مۇشتەرىلەرنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسەرگە بولغان قىزىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ داۋاملىق ئۇلاپ بېرىشنى لايىق تاپتۇق.
مۇھەررىردىن

س. فروئىد (S. Freud) 1856- يىلى ئاۋستىرىيىنىڭ چېكفابورگتا تۇغۇلغان، تۆت ياشقا كىرگەندە ئائىلىسى بىلەن ۋېناغا كۆچۈپ بارغان. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يەردە ئۆتكەن. ئۇ ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ئىزچىل ھالدا نېرۋا ۋە روھ تېبابىتى تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1939- يىلى 83 يېشىدا لوندوندا ئالەمدىن ئۆتكەن.

فروئىد ئوتتۇرىغا قويغان روھ ئانالىزى ئىلمى پسىخولوگىيە (قەلبلوگىيە) ساھەسىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى بېرىپلا قالماي، ئىنسانىيەت بىلىملىرىنىڭ ھەممىلا ساھەسىگە دېگۈدەك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى.

فروئىد ئۆز ئۆمرىدە «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پسىخىك سىر» (1904- يىلى)، «قىزچاق دولانىڭ سەرگۈزەشتىسى» (1904- يىلى)، «جىنسىيەت ھەققىدە ئۈچ شەرھ» (1905- يىلى)، «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى» (1905- يىلى)، «چۈشكە شەرھ» (1900- يىلى)، «روھ ئانالىزى ئىلمىدىن دەسلەپكى ساۋات» (1917- يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. قولۇڭىزلاردىكى بۇ ئەسەر ئۇنىڭ خۇلاسە خاراكتېرىدىكى ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى زامان ئىلىم - پەن تارىخىدا ئۈچ مەشھۇر شەخس بار. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە ۋە تۇرمۇشىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئۇلار: كوپېرنىك قوزغىغان كەيپىكە «ئىنجىل» ئېلىپ كەلگەن نيۇتون؛ مىڭ يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدە ئورۇن ئالغان دىنىي شەرھگە مۇستەھكەم پاكىتلار بىلەن ئوچۇق ئاشكارە ۋە سىستېمىلىق قىلىپ، تۆرىدىن چۈشۈش ئولتىماتومى تاپشۇرغان دارۋىن؛ پسىخولوگىيە (قەلبلوگىيە)نى پەلسەپەدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، ئادەمنى چۈشىنىشنىڭ يولىنى ئاچقان فروئىدتىن ئىبارەت.

بۇ ئۈچەيلەن ئىچىدە بىز ئۈچۈن نيۇتون بىلەن فروئىد مۇھىم. چۈنكى بىز قايىللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر قاتار ھاياجان ۋە ئالاجۇقلۇق بىلەن دۆۋە - دۆۋە كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، مەسچىتلەرنى تۇرمۇشىمىزنىڭ تۆرىدىن ئىنسان سەسكەنگۈدەك قوپاللىق بىلەن چۆرۈپ تاشلىۋەتتۇق. دېمەك، دارۋىننىڭ تەسىرى ئاشۇنداق ئىشقا ئېشىپ كەتتى. نيۇتونغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسى ئەسلى بىزدە بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ روھىدەك يارقىن روھ بىزدە كۆرۈلمىدى، گەرچە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بىز ئۈچۈن ياۋروپادىكىدەك بولمىسىمۇ، ئەمما تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىرىپ سۈپىتىدە ئۇ بىزگە يەنىلا بىر قۇياش. بەلكىم ئۆزىمىزنى چىقىش قىلغاندا بۇ قۇياشقا دىكارتنى، لوكنى ئىرىپ قىلغان بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتىمىكىن. بۇ ھازىرچە نيۇتونلارنىڭ توغرا ھۆكۈمدار بولۇپ قېلىشىدىكى سىر نېمە؟ دەپ سوئال قويغىدەك سەۋىيىدە ئەمەس، بەلكى ئاتىسى بەرگەن پۇلنى موككىدە يانچۇقىغا سالغان بالىدەك، كىتابلاردىكى قانۇنلارنى ئاشۇنداق پۇل ھېسابىغا يانچۇققا سېلىپ، گويا بىر يانچۇق خەلق پۇلىنى ئېلىپ، ئامېرىكا رېستىلىرىدە ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا قاراپ، ھېچنەرسە ئالالماي خالىيراق جايغا بېرىپ، مەنمۇ باشقىلاردەك ئادەمغۇ دەپ يۈرگەن مۇساپىرلاردەك ئادەملەرنى تەربىيىلەۋاتقان مائارىپىمىزدا خېلى سالماقلىق مەزمۇن بولۇپ ئوقۇلىۋاتىدۇ. بىراق، ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم باشقا نەرسىلەرنى چۈشىنەمدۇ؟ ئەھۋالىمىز ناھايىتى ياخشى دېگەندىمۇ كۆپ قىلالىسا، ئاجايىپ قانۇنلارنى سۆزلەپ بەرسە ھاياجان ۋە ئىشق بىلەن ئەرنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويالايدىغان، لېكىن يەنىلا باشقىلارنىڭ كۆزىدە يىلشايدىغان خوتۇنلاردەك بولۇشتىن باشقىچە قىسمەتتە بولارمىزمۇ؟! «قىشات بۇغا يېدى، ئېيىق يېدى. ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ، نەيزەم ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇڭقار قىشاتنى يېدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ، ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى» دەپ ئۆزىنىڭ خان بولىدىغانلىق خۇلاسىسىنى چىقارغان ئوغۇزخاندىكى ئەركەكلىك قايتا

تىرىلەرمۇ؟!

راست، ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشى تولىمۇ مۇھىم ئىش. بىز نەچچە يىلدىن بېرى ئەنئەنىۋى بىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئۆز تارىخىمىز، بولمىغۇرلۇقلىرىمىز توغرىسىدا مىللەت مىقياسىدا ئويلاندۇق. بۇ «تۆت ئەربىر بولسا خوتۇن پارىڭى» قىلىدىغان بىزنى كۆپ ئۆزگەرتتى، ھەر ھالدا چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا باشقىچىمۇ ئەپ بولىدىغان بولدى. ئەمما ياشلار ئۆيلەنگەندىن كېيىن، چوڭلار ئەمەل تۇتقاندىن كېيىن خوت بۆتكەيدىغان ئەھۋال ئومۇملىشىپ قالدى. يالغان كۈلكە، ياسانچۇق كالا، پۇچەك تەمكىنلىك، ئۇترۇقسىز ئادەم، ماھىيەتسىز دوستلۇق، خوپسىيانە تاما، نىمجان ئىرادە يامراپ كەتتى. يۈرەك قانداقتۇر بىر نېمىنىڭ ئىزىنى ئېلىپ سوقۇشقا كۆنۈكتى. بۇ، تەڭگە ئۆتتىمۇ قانداق، ھە دېسىلا قۇۋۋەت دورىسىغا قىزىقىدىغان ئەرلەر كۆپىيىپ قالدى. ھاراق بىلەن ئۆزىنى سەل تەخشۇالمىسا سورۇنغا چۈشەلمەسلىك، شىشىلىشىپ ئويىنىيالماسلىق ئومۇمىي كەيپىيات بولۇپ كەتتى. ئوڭنىمۇ، تەتۈرنىمۇ «توغرا چۈشىنىدىغان» غورۇرسىزلار كۆپەيدى. «ئۈچ سوئالىم بار، سوئالىمغا جاۋاب بېرەلىگەن ئادەمگە تېگىمەن، جاۋاب بېرەلمىگەنلەرنى دارغا ئاسىمەن» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقارغان قىزنى «مانا مەن ئالىمەن» دەپ جىننى سىيلەپ بېرىشكە تەۋەككۇل قىلىپ چىققان قەدىمكى ئاشۇ يىگىتلەر تەسەۋۋۇرىمىز يەتمەس بىر يەرگە چىقىپ كەتتى. ئۈستەلدە قولىنى چايقاپ ئولتۇرۇپ تاسادىپىي ئېقىپ كەلگەن ئالمىنى قولغا ئېلىپ، ئىختىيارسىزلا بىر چىشلەم يەپ تاشلاپ، «ئاپلا مۇشۇ ئالمىنى ئىگىسىدىن سورىمايلا يەپ سالغىنىمنا» دېگۈزگەن سايلىق، باغۋەندىن رازىلىق سوراپ بارغىنىدا «پۇت - قولى يوق قىزىمنى ئالساڭ رازى بولىمەن» دېگەن تەلەپكە چىشىنى چىشلەپ «بوپتۇ ئەمىسە، يەۋەتكەن ئالمىنىڭ باھاسى مۇشۇ بولسا، ئالسام ئالاي» دەپ جاۋاب بەرگەن روھ ئەپسانىگە ئايلاندى. «پالانىنى قويدۇم، پوستاننى جايلىدىم» دېيىشلەر «ئىقتىدارلىق» لارنىڭ كۈندىلىك مودا گەپلىرى بولۇپ قالدى. ئادەملەر خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ ساپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى بۇزۇقچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇپ كەتتى.

بۇ قانداق بولغىنى؟! «ئالپامىش» داستانىدا بەرچىن بىلەن ئالپامىش بىر - بىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈشىدۇ. بىراق، ئالپامىش بەرچىننىڭ ئالدىغا توي تەلىپىنى قويۇش ئۈچۈن كەلگەندە، بەرچىن شۇنداق قارارغا كېلىدۇ «ئالپامىش كەپتۇ، دەپ ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالايمۇ؟ ياق! باشقا باتۇرلارمۇ مېنى ئادەم ئېتىپ كەلگەن، ئۇلار ماڭا ئۈمىد باغلاپ ئالتە ئايلىق مۆھلەت بەرگەن، شۇڭا ھەركىم مەيدانغا ئات سالىدۇ، مېنى ئېتى ئۆزگەن كىشى ئالىدۇ. مېنىڭ تۆت شەرتىم بار، شۇ تۆت شەرتنى ئالپامىش ئورۇندىسىمۇ، باشقىلار ئورۇندىسىمۇ مەيلى». بىز ئالپامىشنى ياخشى كۆرگىنىدىن ئۇنىڭ ئېتىغا «ئالماستەك تۇيىقىڭ ئاپئاق كۆكسۈمگە تەگسۇن، چېچىم سۈپۈرگە، كۆكسۈم يايلىقىڭ بولسۇن» دەپ مەدەت بەرگەن، ئۆز ھېسسىياتىغا قارىماي كىشىلەرگە ئاشۇنداق مەردلەرچە مۇئامىلە قىلىشنى ئەزىز بىلگەن بەرچىندەك ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى ئىدۇققۇ! ئەسسالام دەپ بوسۇغىدىن ئاتلىسىلا ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمىسىنى سورىماي، ئۇلارنى كۈتۈش مەسئۇلىيىتىنى دەرھال بويىنىغا ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدۇققۇ؟! ئەمدى نېمىشقا مەردلىكتىن، مەردانىلىقتىن قاچىدىغان بولۇپ كەتتۇق؟

ئىنسان قەلبىدە يېتەرلىك ئېنېرگىيە توپلاشنىڭ ئىككى يولى بار: بىرى، ئۇنىڭغا داۋاملىق تۈردە ئۆزىنى ئىپادىلىتىش، يەنە بىرى ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ئۇقتۇرۇش. بولۇپمۇ، ئۆزى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى ئۇقتۇرۇش. چۈنكى، ئۇ باشقا ھەقلەرنىڭ ئىشىكىنى چەككۈچە ئۆز تۇرمۇشى بىلەن ئاللىقاچان ئۇچرىشىپ بولىدۇ. ئات ئۈستىدە زەبەردەست يۈرگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بىرىنچى خىل ئۇسۇلغا كەڭ ئىمكانىيەت بەرگەن. شۇڭا ھازىرمۇ قازاق خەلقى تۆرىنى ئاسانلىقچە ياتلارغا بەرمەيدۇ. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ كىرسەڭ، ئۆيىدە بارىنى ئالدىڭغا قويىدۇ، سېنى مېھمان ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىدىكى تەبىئىي كۈچ تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىدىكى بىزلەردىن خېلىلا كۆپ. بىزنىڭ ھالىمىزغا كەلسەك، سانجاق - سانجاق ئولتۇراقلاشقان بىزلەر ئالدى بىلەن خولۇم-قوشنا، مەھەللە - كويلارنىڭ كۆزىگە قارايرلىق ياشىماسلىق بولمايدۇ. شۇڭا ئاغىلىق يوسۇندا ھەقىقەت ئىزلەپ ئۇنى تاپمىساق، سورۇن - سورۇنلاردا ھاراق ئىچىپ، مەست بولۇۋېلىپ ئۆزىمىزنى ھەرقانچە ئىپادە قىلىپ باققان تەقدىردىمۇ، بەرچىن ئايدىكى كۈچىنىڭ يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ زەئىپلىشىشىنى زەئىپلەشكەن. شۇڭا بىزنىڭ بىردىن بىر ماڭار يولىمىز - خەلقىمىزگە ھەقىقەتنى ئۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت. ماڭا مۇنداق بىر ئادەم ئۇچرىغان: ئۇ كۆپ ئوقۇغان بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ساقچىلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئەمما، ئۇ ھازىر ساقچى ئەمەلدارى ئىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەنلەر ئىشلىگەن بۇ كەسىپنى ئىشلەپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدىم. چۈنكى، بۇ ئىنسان لوگىكىسىغا سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. كېيىن ئۇقتۇمكى، بۇ كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىز بىلەن توي قىلغان، بۇ ئايال ناھايىتى شوخ بولۇپ، ئۇنى بويسۇندۇرۇش بۇ ئەرگە تەبىئىيلا بىر بويۇنتۇرۇق بولۇپ قالغان، ئايالى باشلىقلارغا غىلجىڭلاپ قالغاچقا ئۇ باشلىق بولۇش كېرەك، دەپ باشىغان. يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنى جىنسىي جەھەتتىن ئاجىز ھېس قىلغانىدى، ئايالىنىڭ قىممەت قارىشىدا ياشاشقا ئورۇنۇشى شۇنچە ئەسەبىيلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، باشقىلارنى ئۆتۈپ چىقىش دېگەنلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋاستىگە ئايلانغان. مانا بۇ ھايات ھەقىقىتىنى ئۆتۈشنى خىيالىغا كىرگۈزۈپ باقمىغان بىر ئادەمنىڭ گۇمراھ ھاياتى، لېكىن بۇنى ئۇ ئەمدى ھېس قىلمايدۇ. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟

مەن كۆرگەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بولمىدى. شۇنىڭغا قاراپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسالىغا يېتىمكىنىلا تەسىرلىككەن، كوچا ئاياللىرىنى تېپىش بىر كۈنلۈك توي، ئادەتتىكىدەك توي قىلىش ئۇزۇن يىللىق تويكەن، دەپ قالدىم. ھەتتا ھۆكۈمەت پاھىشىخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويسىمۇ بوپتىكەن، دەپ ئويلىغان يەرلىرىممۇ بولدى. كېيىن ئاشۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مەشۇقلۇقى جىنسىي ئېچىرقاشتىن كەلگەنلىكىنى، بولۇپمۇ بىر قىسىم «ئوت

يۈرەك»، «تىرىشچان»، «پائالىيەتچان» بالىلارنىڭ تويى قىلغاندىن كېيىن، يېڭى چىقىپ كەتكەن تويغا ئوخشاپ قالغانلىقى ئەمەلىيەتتە جىنسىي ئېچىرقاشنى باشقا ياققا بۇرىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر ھەقىقەتنى چىن مەنىسىدىن تونۇپ يېتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ساپ سۆيگۈدە بولۇشنىڭ ئاجايىپ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم. «ھەققە مۇھەببىتى يوق ئادەم ئۈچۈن قۇللۇقتىن تارتىپ، پادىشاھلىققىچە بولغان خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق پەرقى يوق» دېگەن گەپلەرنى چىن مەنىسىدىن چۈشەندىم. ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە قۇلنىڭمۇ، پادىشاھنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى بولىدىكەن، دەپ ھەيران قالغانلىقىمنىڭ تېگىدىكى پەسكەشلىكنى كۆرۈپ يەتتىم ...

جاھان ئۆزگەردى. ئىنسانلار بۇرۇن ئادەمنى ھايۋانغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشكە ئىگە بولغان بولسا، ئەمدى ئۆزىنى كومپيۇتېرغا ۋە ئۆزلىرى ياسىغان زامانىۋى ماشىنىلارغا سېلىشتۇرۇپ چۈشىنىشكە باشلىدى. خۇددى ژۇرنال چىقىرىش ئۈچۈنلا چىقىرىلغان بىر قىسىم يەرلىك ژۇرناللىرىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ ئادەملىك نەرخى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. مەن باشقىلارنىڭ پروگراممىسى بويىچە ھەرىكەتلىنىۋاتقان كومپيۇتېرمۇ؟ مەن كىم، ئۆزۈم قېنى؟ دېگەندەك سەبىي ۋە دەسلەپكى سوئاللار باشلانغان ئىزتىراپ ماھدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان، خاتا بولسىمۇ، توغرا بولسىمۇ رايىشلىق بىلەن ئەينەن ئىجرا قىلغۇچى نۇرغۇن «سالاپەتلىك»، «ياخشى ئىشلەيدىغان» ئادەملەرنى پېشانىسىدىن ئىتتىرىپ ئاپىرىپ ماشىنىلار قاتارىغا تىزدى. ئۇلارغا دوزاخقىمۇ ئادەم كىرىدۇ، جەننەتكىمۇ ئادەم كىرىدۇ، ئەمما سەن نەگە كىرىسەن؟! دەپ ۋارقىرىدى. ئىنسانلار توپىنى ھايۋانىي ئادەم، ئادەم دەپ ئاجرىتىشقا قانائەت قىلماي يۇقىرى ئىقتىدارلىق ماشىنا، ھايۋانىي ئادەم، ئادەم دەپ ئايرىيدىغان بولدى ۋە ئاخىرى ناھايىتى ماھىيەتلىك قىلىپ، ئىنساننى ھەققە مۇھەببىتى بار ئادەم، ھەققە مۇھەببىتى يوق ئادەم دەپ ئايرىشنى مۇقىملاشتۇردى. نورمالسىزلار، ساقسىزلار دېگەندەك گەپلەر ئومۇملاشتى. بۇ ھەقتىكى بىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى كىشىلەرنىڭ ھەققە مۇھەببىتى بار ئىنسانلاردىن بولۇش قەدىمىگە تېزلىك ئېلىپ كەلدى.

ئەمدى ئۆزىمىزگە كەلسەك، بىزدە «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقىدۇ، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دېگەن ماقال بار. بىزدە ئىنسانلارنى پەرقلەندۈرۈشتە، بىلىشتىكى يۇقىرىقىدەك ھالەت ئاندا - ساندا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ مەۋقەگە ئۇل بولىدىغان ئىلمىي سىستېما بولمىغاچقا، ئۇ يەنىلا ئۈستۈنلۈككە چىقالمىدى. بىر تۈركۈم ئىلغارلار خۇددى پالچىلىقنى ئۆگىنىپ، ماھىيىتى ئۆزگەرمىگەن ھېلىقى باياندەك مۇشتۇمنىڭ ئىچىدىكى ئۈزۈكنىڭ ئۆزى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى تۆشۈك بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى تاپقىنى بىلەن ئۇنى يەنىلا تۈگمەن تېشى بىلەن ئاتىغىنىغا ئوخشاش قىسمەتتە قېلىپ، قازانغا يولۇقۇپ قارىسىغا، يامانغا يولۇقۇپ يارىسىغا چېپىلىشىپ يۈردى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادە قىلىشى بەك قىيىن بولۇۋاتقاچقا، ۋەزىيەت بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىلەكتىكى كۈچكە مىنەت سېلىشقا، ئىنسانىي قۇۋۋەتنى ئاردىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئادەم ھەققىدە ئىلمىي تەرىزدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بولۇش بىز ئۈچۈن مۇھىم بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق تەقەززانى كۆزدە تۇتۇپ، مەن روھ ئانالىزى ئىلمىنىڭ پېشىۋاسى فروئىدنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. بۇ مۇشۇ ساھەدىكى تۇنجى ئەمگەك بولغاچقا، خاتالىق - سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم. كىتابخانلارنىڭ سەمىمىي پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

— تەرجىماندىن

# بىرىنچى بۆلۈم:

# روھ ۋە ھەرىكەت

## بىرىنچى باب: روھ بوغۇم (بۆلەك) لىرى

روھ ئانالىزى ئىلمى بىر توپ قىياسنى ئوتتۇرىغا قويىدىكى، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئەلۋەتتە پەلسەپىگە مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ. بىراق قىياسنى دەلىللەشتە، پەقەت ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارايدىغانلىقىمىز چوقۇم. ئەلۋەتتە روھ ياكى روھىي تۇرمۇشنىڭ گېپى چىقسىلا ھەممىمىزنىڭ كاللىسىغا ئىككى نەرسە كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، روھنىڭ مېخانىزمى ۋە پائالىيەت سورۇنى، يەنى چوڭ مېڭە (ياكى نېرۋا سىستېمىسى)، يەنە بىرى ئاڭ پائالىيەتلىرى، يەنى ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنسانغا ئاڭ بىۋاسىتە ئۇقتۇرىدىغان نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەرنى ھەرقانداق بايان يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈشكە قۇربىسىز. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نېمە بار، نېمە يوق، بۇ بىزگە قاراڭغۇ. ئاتالمىش مېڭىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىمۇ بۇ ئاڭ ئاخىرقى ئىككى قۇتۇپنىڭ بىۋاستە باغلىنىشىغا ئائىت بىلىم دەپ سانىغىدەك ھېچ گەپ يوق. دەرۋەقە، مۇشۇنداق باغلىنىش مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىككىسى يەنىلا كۆپ قىلالىسا، تەپەككۇر جەريانىنىڭ بىرمۇ-بىر يېرىنىلا ئېنىق ئۆزىتالايدۇكى، بىزنىڭ ئاشۇ تەپەككۇر جەريانلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ھېچقانچە نەپ

بېرەلمەيدۇ.

بىزدىكى بۇ ئىككى يىپ ئۇچى بىلىشىمىزنىڭ تۈگەنچىسى ۋە باشلىنىش نۇقتىسىنى ئىما قىلىدۇ. بىرىنچىسى ئورگاننى بېكىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز روھىي تۇرمۇشنى مەلۇم ئەزانىڭ جۇشى ( 功能 ) دەپ پەرەز قىلساق، بۇ ئەزانىڭ مەنلىكىنى بوشلۇقتا ئۆزىرالايدىغان ھەمدە ئۇنى بىر قانچە ئەزادىن تەركىپ تاپىدىغان قىلىپ سۈرەتلەيمىز، يەنى بىز ئۇنى گويا بىر تېلېسكوپ ياكى مىكروسكوپتەك تەسەۋۋۇر قىلىمىز. گەرچە بۇنىڭدىن بۇرۇن باشقىلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كەتكەن تىرىشچانلىقلاردا بولغان بولسىمۇ، ئەمما روھ دەيدىغان مۇشۇ نېگىزدىن پەقەتلا جايلىماي دەل ئۆزىگە تېگىش قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئىلىم دۇنياسىدا كۆرۈلمىگەن ئىش.

روھ بوغۇم (بۆلەك) لىرى توغرىسىدىكى تونۇشقا بىز كىشىلىك تەرەققىياتنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئىگە بولىمىز. خوش، بىز گېپى بولىۋاتقان روھنىڭ دەسلەپكى زاتىنى تۈپ ئۆز ( 本我 ) ياكى جان (id) دەپ ئاتىدۇق. ئۇ تۇغۇلۇش بىلەنلا بار بولغان بارلىق مەزمۇنلارنى ۋە تەندىكى بارلىق ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى، يەنى بىرىنچىدىن، ئىنساننىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ناتونۇشلا تۇستە جۇشنى ئىپادە قىلىش ئۇسۇلىنى تۇنجى تاپىدىغان تۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۈپ ئۆزنىڭ مەلۇم قىسىملىرى ئەتراپىمىزدىكى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ تەسىرىدە ئالاھىدە تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئەسلىدىنلا تەسىرلىنىشچان تەركىبلەر بىرلا ۋاقىتتا يەنە تەسىرگە تاقابىل تۇرغۇچىلىكى بار تاشقى قەۋەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۆزگىچە بىر ئورگاننى پەيدا قىلىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئورگان تۈپ ئۆز بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيا ئارىسىغا چۈشىدۇ. بىز روھنىڭ بۇ بۆلۈكىنى چاما ئۆز ( 自我 Ego ) دەيمىز.

ئاڭ بىلەن تەن ئارىسىدا تۇغما مۇناسىۋەت بولغاچقا، «چاما ئۆز» ئۆزىگە ئۆزى تۈرتكە بولۇپ پائال رول ئوينايدۇ، تاشقى ئىشلاردا يۇقىرىقى پائالىيەتچانلىق مۇنداق بولىدۇ: يەنى ئاڭنى تەسىرگە ئۇدۇللاپ ئۇنى تەسىراتقا باغلانغان كەچۈرمىدە ساقلايدۇ. بەك كۈچلۈك تەسىرلىنىشتىن ساقلىنىدۇ. نورماللىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئامال قىلىپ، سىرتقى دۇنيانى ئۆزىگە پايدىلىق ھالغا كەلتۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ. ئىچكى ئىشلاردا ئۇ تۈپ ئۆز بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئۇچرىشىش مۇنداق تەرىقىدە بولىدۇ: تۇغۇچىنىڭ نەپسىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ ياكى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقى ھۆكۈمچىل تەسىرات پەيدا قىلغان جىددىيلىك ئارقىلىق بولىدۇ، يەنى بۇ جىددىيلىك زادى ئەزەلدىن ئىچىدە بارمۇ ياكى سىرتتىن كەلگەنمۇ، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل جىددىيلىكنىڭ زورىيىشى ياخشىلىق ئەمەس، ئەكسىچە پەسىيىشى ياخشىلىق دېيىلىدۇ. ئەمما، ياخشىلىق ياكى يامانلىق دېيىلگەن بۇ خىل سېزىم چوقۇمكى، بۇنداق جىددىيلىكنىڭ تۈگەللىسى ئەمەس، بەلكى جىددىيلىكتە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنىڭ قانداقتۇر بىر خىل رېتىمى بولسا كېرەك. چاما ئۆز بەھۇزۇرلۇق ئىزدەيدۇ، سۈرۈكچىلىكتىن قاچىدۇ. مۇشۇنداق بولامدىكىن دېگەن ياكى كۆڭۈل تويۇپ تۇرۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئۆلغىيىشى چوقۇم بىئاراملىق چىللايدۇ. (signal of anxiety) مەيلى ئۇ سىرتتىن كەلگەن ياكى ئىچتىن چىققان تەھدىت بولسۇن، ھەممىسى خەۋپ سانىلىدۇ ـ دە، چاما ئۆز ئۆزى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئۈزۈلۈكسىز ۋاز كېچىپ ئېرەنسىز بولىۋالىدۇ. ئەمما دەل ئاشۇ ئېرەنسىزلىكتە، ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. بۇ ئېرەنسىزلىكتە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئېرەنسىز كەيىپ ئىلىكىدىكى بۇ گەۋدە ئىچىدە، روھىي قۇۋۋەتنىڭ ئۆزگىچە تەقسىماتى مەۋجۇت.

كۈنىرى چوڭ بولۇۋاتقان باللار تۇرمۇشتا ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە بالىنىڭ چاما ئۆزىدە بىر چۆكمە شەكىللىنىپ ئۆزگىچە بىر قەۋەت ئاپىرىدە بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىرى مۇشۇنىڭ ۋاسىتىسىدە داۋاملىشىدۇ. بىز ئۇنى «جۇغ ئۆز» (超我 Superego) دەيمىز. جۇغ ئۆزنىڭ چاما ئۆزدىن پەرقلەنگىنىگە ياكى ئۇنىڭ چاما ئۆزنىڭ ئەكسى بولغىنىغا قارىغاندا، ئۇ چاما ئۆز ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان ئۈچىنچى بىر كۈچ.

چاما ئۆزنىڭ ۋەزىپىسى ـ تۈپ ئۆز، جۇغ ئۆز ۋە رېئاللىقنىڭ تەلىپىنى ئورتاق قانائەتلەندۈرۈش، يەنى بۇ ئۈچ بۆلەكنىڭ تەلىپىنى ماسلاشتۇرۇش، چاما ئۆز بىلەن جۇغ ئۆز ئارىسىدىكى تەپسىلاتلارنى بالىنىڭ ئاتىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. ئاتا ئانىلارنىڭ مۇشۇ خىل ئەمەلىي تەسىرى ئەلۋەتتە مىجەز ـ خاراكتېر ( 个性 ) جەھەتتە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كېلىۋاتقان ئائىلىۋى، ئىرقىي، مىللىي ئەنئەنە ۋە ئاتا-ئانا ۋەكىللىك قىلغان ئەڭ يېقىن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرى جەھەتتىنمۇ بولىدۇ. جۇغ ئۆز بەزىدە يەنە ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋارىسى ۋە ئورۇن باسارىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، باللار مۇئەللىم ياكى ئاۋام تۇرمۇشىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن ئىجتىمائىي غايە ئۈلگىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. گەرچە تۈپ ئۆز بىلەن جۇغ ئۆز ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بولسىمۇ، ئەمما بىز يەنىلا بىر نۇقتىدا ئوخشاشلىق بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى تەسىرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ـ تۈپ ئۆز تۇغۇچ تەسىرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جۇغ ئۆز ماھىيەتتە بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە مىراس بولۇپ قالغان تەسىرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ـ چاما ئۆز بولسا ئاساسەن شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى

تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، يەنى تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

بىزنىڭچە روھ بۆلەكلىرى ھەققىدىكى تىزىس خاراكتېرلىق بۇ بايانلىرىمىز نېرۋا سىستېمىسى ئىنساننىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارغىمۇ باب كېلىدۇ. ھايۋانلاردىمۇ يېتىلىش مەزگىلىدە ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۇزۇن مەزگىللىك يۆلىنىش باسقۇچى بولىدىكەن، بىز ئۇلاردا جۇغ ئۆزنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماي قالمايمىز. چاما ئۆز بىلەن توپ ئۆزنىڭ پەرقىگە كەلسەك، ئۇ چەتنەش مۇمكىن بولمايدىغان بىر پەرەز. ھايۋانات پسىخولوگىيىسى تېخىچە گېپى بولۇۋاتقان قىزىقارلىق بۇ تېمىغا تېگىشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

## ئىككىنچى باب: تۇغۇچ (Instincts) ھەققىدە

«توپ ئۆز» دىكى كۈچ ئايرىم ئورگانىزملارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى زاھىر قىلىدۇ. بۇ خىل مۇددىئا ئىچكى ئېھتىياجنى تايىن تاپقۇزۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش، ئولتۇرسا - قوپسا ئېھتىيات قىلىپ خەۋپتىن ساقلىنىش دېگەندەك مەقسەتلەر «توپ ئۆز» گە تەئەللۇق بولمايدۇ. ئۇلار «چاما ئۆز» نىڭ جۇشىدۇر. سىرتقى دۇنيانى دەڭسەپ تايىن تاپقۇزۇشنىڭ ئەڭ پايدىلىق، ئەڭ خەتەرسىز يوللىرىنى تېپىشمۇ ئۇنىڭ خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. «جۇغ ئۆز» يېڭى تەقەززالارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ ئاساسلىق جۇشى (功能) يەنىلا قانائەتلەندۈرۈشنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتا كۆرۈلىدۇ.

«توپ ئۆز» نىڭ تەقەززاسى پەيدا قىلغان جىددىيلىكنىڭ ئارقىدا شۇنداق بىر كۈچ بار، ئۇ «تۇغۇچ» (Instincts 本能) دېگەن شۇدۇر. تۇغۇچ تەننىڭ ۋۇجۇدقا بولغان تەلپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۇغۇچ گەرچە بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ توپ سەۋەبى بولسىمۇ، بىراق ساقلامچىلىق ماھىيىتىگە ئىگە، يەنى بىرەر ئورگانىزم مەلۇم ھالەتكە يەتكەندە، ئۇنىڭ قايسى خىل ھالەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەزكۇر ھالەت يەكلەنگۈدەك بولسىلا تۇغۇچ شۇزامان ئاشۇ ھالەتنى ساقلاش خاھىشىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ساناپ كەتكىلى بولمايدىغان تۇغۇچلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى بار، ئەلۋەتتە. يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قىلىش ئاللىبۇرۇن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن. ئەمدىكى گەپ، بۇ ساناقسىز تۇغۇچلارنىڭ يىلتىزىنى ئىزلەپ، ئەڭ تۈپكى يىلتىزىنى تاپقىلى بولامدۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلە كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ تۇرماقتا. تۇغۇچنىڭ يۆتكىلىش ئارقىلىق نىشانىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆز ئارا ئالمىشىدىغانلىقى، يەنى بىر تۇغۇچتىكى ئېنېرگىيە (能量) يەنە بىر تۇغۇچقا ئۆتەلەيدىغانلىقى بىزگە ئايان. بىراق ئالمىشىش جەريانى ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمىز. ئۇزۇن مەزگىللىك ئىككىلىنىشتىن كېيىن بىز ئاخىرى: سۆيۈش تۇغۇچى بىلەن بۇزۇش تۇغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى خىللا نېگىزلىك تۇغۇچ بار، دەپ پەرەز قىلىش قارارىغا كەلدۇق (ئەسكەرتىش: ئۆزىنى قوغداش تۇغۇچى بىلەن ئىنسانلىقنى ساقلاش ئارىسىدىكى، ئۆزىنى سۆيۈش بىلەن ئىشق ئارىسىدىكى سېلىشتۇرمىلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈش تۇغۇچى كاتېگورىيىسىگە تەۋە). بۇ ئىككى توپ تۇغۇچتىن بىرىنچىسىنىڭ مۇددىئاسى - بارغانسېرى تېخىمۇ زور پۈتۈنلۈكنى بەرپا قىلماق ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرماق، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بىرىكتۈرمەكتىن ئىبارەت بولسا؛ ئىككىنچىسىنىڭ مۇددىئاسى - دەل بۇنىڭ ئەكسىچە تۈرلۈك باغلىنىشلارنى ئۈزۈش، بۇ ئارقىلىق بولمىشلارنى بۇزۇشتۇر. بىز بۇزۇش تۇغۇچىغا قارىتىپ، سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇددىئاسى تىرىك نەرسىنى ئانئورگانىك ھالەتكە كەلتۈرۈش، دەپ ئېيتالايمىز، شۇ ۋەجىدىن ئۇنى «ئۆلۈم تۇغۇچى» دەپمۇ ئاتايمىز. بىز جانلىق - جانسىزدىن كېيىن، يەنە كېلىپ كەينىدىكى ئىلگىرىكىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ پەرەز قىساق، شۇندا ئۆلۈم تۇغۇچى بىز بايا ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈمگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. دېمەكچىمىزكى، تۇغۇچ ھەرقاچان ئۆتمۈشكە قايتىش خاھىشىدا بولىدۇ. ئەمما، سۆيۈش تۇغۇچى شارائىتىدا بۇ ھۆكۈمنى تەدبىقلىيالمايمىز. لېكىن تەدبىقلىماقچى بولساق، ئالدى بىلەن تىرىك گەۋدىنىڭ بىر چاغلاردا بىر پۈتۈنلۈك ئىكەنلىكى، كېيىن پارچىلىنىپ ئەمدى يەنە پۈتۈنلۈككە قايتىدىن ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش كېرەك.

بىئولوگىيىلىك رولدا بۇ ئىككى توپ تۇغۇچ بىر بولسا تېپىشكەن، بىر بولسا بىرلەشكەن ھالەتتە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يېيىش - ئىچىش دەل يېمەكلىكلەرنى بۇزۇش جەريانىدۇر. ئەمما بۇندىكى ئاخىرقى مۇددىئا بىرىكتۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش. جىنسىي پائالىيەت بىر خىل تاجاۋۇزچىلىق پائالىيىتى. بىراق، ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئەڭ شېرىن بىرلىشىش. دېمەك، بارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرى بۇ ئىككى توپ تۇغۇچنىڭ مۇشۇنداق بىرلىكى ھەم قارمۇ-قارشىلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بىز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇ ئىككى توپ تۇغۇچنى جانلىقلار دۇنياسىدىن ئېلىپ جانسىزلار دۇنياسىنىڭ تەسەررۇپى بولمىش ئىككى زىت كۈچ - تارتىش كۈچى بىلەن تېپىش كۈچىگە تەمسىل قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئىككى خىل تۇغۇچنىڭ تىركىشىشىنى تەگشەپ تۇرىدىغان نىسبەت ئۆزگەرسە، ناھايىتى روشەن ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ. جىنسىي قىلىقنىڭ تاجاۋۇزچانلىقى تاپتىن چىقىپ كەتسە، ئەر تەرەپ جىنسىيەت تەلۋىسىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە ئاشۇ تاجاۋۇزچانلىق زىيادە ئاجىزلاپ كەتسە، ئەر تارتىنچاق

پاكى گەرلىكى ئاجىزلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئىككى تۈپ تۇغۇچتىن خالىغان بىرىنى روھنىڭ مەلۇم دائىرىسىگە تەقسىملەپ قويۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ھەممە دائىرىدە شەرتسىز كۆرۈلىدۇ. بىز مۇنداق بىر ئىپتىدائىي ھالەتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز: بۇ ھالەتتە سۆيۈش تۇغۇچى ئىگە بولالايدىغان ئومۇمىي ئېنېرگىيە (تۆۋەندە لىبىدۇ دەپ ئاتايمىز) تېخى چەك-چېگرا ئاجراتمىغانىن چاما ئۆزدە ياكى تۈپ ئۆزدە بولىدۇ ھەمدە ئۇ تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇزۇش خاھىشىنى بېسىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. كېيىنرەك باسقۇچلارغا يەتكەندە، لىبىدونىڭ ئۆرلىشى ۋە پەسىيىشىنىڭ ئالمىشىشىنى سۈرۈشتۈرسەك، ھەرھالدا ئىش ئاسانلاشماقچى، بىراق بۇزۇش تۇغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىش تېخىمۇ تەسلىشىدۇ.

پەقەت بىرلا تۇغۇچ يوشۇرۇن رول ئوينايدۇ، يەنى ئۆلۈم تۇغۇچى باشتىن - ئاخىر ئۈن - تىنسىز بولىدۇكى، ئۇ ئاشكارىلىنىپ بىر خىل بۇزۇش تۇغۇچىغا ئايلانغاندىلا ئاندىن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئىچىدىن تېشىغا چىقىشىنىڭ كۆرۈلۈشىنى يەكتەننى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەقسەتنىڭ روياپ تېپىشىغا تەن ھەمدەمدە بولىدۇ. «جۇغ ئۆز» روياپقا چىققاندىن كېيىن تاجاۋۇزچىل تۇغۇچنىڭ خېلى بىر قىسمى «چاما ئۆز» نىڭ ئىچىگە مىخلىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى ۋەيران قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەپىرىدە بولۇۋاتقان ساقسىزلىق چىللىغۇچى خەۋپلەرنىڭ بىرىدۇر. تاجاۋۇزچىل تۇغۇچنى ھەددىدىن زىيادە بېسىش ئادەتتە ساغلامسىزلىق بولۇپ، ئۇ چوقۇم ساقسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. ھە دېسىلا تاجاۋۇزچىل تۇغۇچنى بېسىشنىڭ قانداق تەرىقىدە ھەددىدىن ئېشىپ، چاما ئۆزنى ۋەيران قىلغۇدەك بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ئۇنى ئۆزىگە قارىتا تاجاۋۇزلۇققا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى، سەپرا ئادەملەر تۇرمۇشىدا ھەر ۋاقىت كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز چېچىنى ئۆزى يۇلۇش، ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاشتەك سەپرالىقلارنى باشقىلارغا قىلغۇسى بولسىمۇ، ئەمەلدە ئۆزىگە قىلىدۇ. جۇغ ئۆزنى ۋەيران قىلغۇچى تۇغۇچنىڭ مەلۇم قىسمى، ھەرقانداق ئەھۋالدا باشتىن - ئاخىر ئادەم تەل - تۆكۈس يەر بىلەن يەكسان بولغىچە چاما ئۆزنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا ئىز بېسىپ تۇرىدۇ. ئادەم ئۆزىدىكى لىبىدو تامامەن سەرپ قىلىنىپ بولغاندا ياكى بولمىسا پايدىسىز بىرەر خىل تەرىقىدە پىشانىسىگە پۈتۈلگەندە ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئادەتتە مۇنداق پەرەز قىلىمىز: ئىنسان ئىچكى توقۇنۇشتىن ئۆلىدۇ. بىر قەۋم تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان كۆرەشتە مەغلۇپ بولغىنىدىن ئۆلىدۇ. سىرتقى دۇنيا ئىنسانلار ئىگە بولغان ماسلىشىش ئىقتىدارى تاقابىل تۇرالمايدىغان دەرىجىدە مۇشكۈللىشىپ كەتكىنىدىن ئۆلىدۇ.

لىبىدونىڭ «تۈپ ئۆز» ۋە «جۇغ ئۆز» دىكى پائالىيىتىگە كەلسەك، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت «چاما ئۆز» توغرىسىدىكى مەلۇماتلارلا، خالاس. بىراق، شۇنىسى ئايان بولۇشىكى كېرەككى، لىبىدونىڭ بارلىق ئېنېرگىيىسى دەسلەپتە «چاما ئۆز» گە جۇغلىنىدۇ. بىز بۇ باسقۇچنى مۇقەددەس بىر مەنلىك (narcissism) باسقۇچ دەيمىز. بۇ خىل بىر مەنلىك چاما ئۆز لىبىدونى باشقا شەيئى توغرىسىدىكى ئۇقۇملارغا سىڭدۈرۈشكە باشلىغۇچىلىك داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەنلىك لىبىدۇ ئىنئاۋىي (他恋) لىبىدوغا ئايلىنىدۇ. پۈتكۈل ھاياتتا «چاما ئۆز» باشتىن - ئاخىر غايەت زور خەزىنە. لىبىدونىڭ جۇش سىرغىتمىسى (cathexec) مۇشۇ يەردىن باشقا تەنلەرگە ئېقىتىلىدۇ. ئاندىن خۇددى تىنىمسىز قۇرتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان مېڭىشتا مېڭىپ، قايتىدىن يەنە شۇ خەزىنىگە قايتىپ كېلىدۇ. بىر ئادەم پۈتۈن ئىس - يادى بىلەن ئاشىقلىقتا چۆمگەندە، ئاندىن لىبىدونىڭ ئاساسى بۆلىكى ئوبيېكتقا چۈشىدۇ. مانا مۇشۇ ئوبيېكت مەلۇم دەرىجىدە «چاما ئۆز» نىڭ ئىزىنى باسىدۇ. لىبىدونىڭ تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئويناۋاتقان يېرى، ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، يەنى بىر ئوبيېكتتىن يەنە بىر ئوبيېكتقا يۆتكىلەلەيدىغان جانلىقلىقى، بۇ خىل جانلىقلىق تەبىئىيكى قايسىدۇر بىر ئالاھىدە ئوبيېكتنىڭ ئۆلۈكلىكىنى چاندۇرىدۇ. ئوبيېكت دېگەن ھازىر قانداق بولسا داۋاملىق شۇنداق بولغىنى بولغان.

لىبىدو تەننى مەنبە قىلىدۇ. ئۇ بەدەننىڭ ھەرقايسى بوغۇملىرى ۋە قىسىملىرىدىن «چاما ئۆز» گە ئېقىپ كېلىدۇ. پەقەت تۇغۇچنىڭ مۇددىئاسى تۈپەيلى جىنسىي قوزغىلىش دەپ بايان قىلىنغان ئاشۇ بۆلەك لىبىدونىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقساقلا ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولىدۇ. گەرچە ئەمەلىيەتتە بەدەننىڭ ھەممە يېرى جىنسىي رايون بولسىمۇ، بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئىچىدە لىبىدو پەيدا قىلىدىغان تىلغا ئەڭ يېقىن يەر «جىنسىي رايون» دەپ ئاتىلىدۇ.

جىنسىي ئىقتىدار ھەققىدىكى تەتقىقاتتىن بىز كۆيلەش تۇغۇچى (يەنى ئىپادىلىگۈچى لىبىدوغا نىسبەتەن ئېيتىلغان) توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. ئەمما، ئەلنەرقى گەپلەر بويىچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ نەزەرىيىمىز بويىچە بولمىغاندا جىنسىي جۇش بىلەن كۆيلەش تۇغۇچى بىرگەپ. خوش، بىز ھاياتىمىزغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىش قىسمەت قىلىنغان جىنسىي ھېسسىياتنىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن جىنسىي رايونلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىرمۇنچە تۈپ تۇغۇچ تۈرتكىسىدە قانداق تەدرىجىي بېيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېرەلىگۈدەك بولدۇق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# مەزمۇت قەدەم، هارماس قەلەم

ئابلىز ئۆمەر ھاجى

يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر پروزىچىلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ، 90- يىللاردىن كېيىن، پروزا گۈلزارىدا رەڭگارەڭ گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق نامايان قىلدى. پوۋېستچىلىق، رومانچىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سېھرىي كۈچنى تېخىمۇ جۇلالاندۇردى. پوۋېست، رومان ئىجادىيىتى بىلەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلىرىمىزلا شۇغۇللىنىپ قالماي، بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلىرىمىزمۇ بۇ «قىيىن ئۆتكەل» گە جەسۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىپ ياشلارنىڭ پارلاق كەلگۈسىدىن دالالەت بەردى. ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ جەزبىدار مەنزىرىنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىمىزنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مەلۇم ئاساسى يوق دېيەلمەيمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان «قانلىق يەر» 40- يىللاردا يېزىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنى تولىمۇ كېچىكىپ ئوقۇدۇق. پوۋېست، رومانچىلىقنىڭ دەسلەپكى ئاساسى 80- يىللارنىڭ باشلىرىدىلا رەسمىي روياپقا چىقىشقا باشلىغان. «قانلىق يەر» رومانى نەشر قىلىنىشتىن ئاۋال مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «ئانىرال شاماللىرى» ناملىق رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارىدا ئېچىلغان تۇنجى سەرخىل گۈل ھېسابلاندى. زوردۇن سابىر ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغان بىردىن بىر يازغۇچى بولۇپ قالدى. 80- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەنە بىر مۇنچە رومانلار نەشر قىلىندى. مۇشۇ قاتاردا ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانىمۇ يورۇقلۇققا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئايشەم ئەخمەت ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ رومان يازغان شۆھرەتلىك يازغۇچى سانالدى. ئارىدىن 20 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر «ئايشەم ئەخمەت» چىقمىدى. باشقا ئايال يازغۇچىلىرىمىز رومان يازالمايدۇ دېمەكچى ئەمەسمىز، يازالايدۇ، يازغاندىمۇ ئەل رەسمىي رومانلارنى يازالايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ خالىدە ئىسرائىل، غەلىبە مۇھەممەتتەك كاتتا ئايال يازغۇچىلىرىمىزمۇ بار!

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندا ئايشەم ئەخمەتنىڭ ئىككىنچى رومانى «مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ» نى نەشر قىلىپ تارقاتتى. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئايال يازغۇچىلارنىڭ شېرىن ئەجىر مېۋىسى بولغان ئىككىنچى

رومانىمۇ ئايشەم ئەخمەتنىڭ قولىدىن چىقتى. شۇڭا، بىز ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز. ئۇ يەنە تېخى «خانبالىقتىكى ئۇيغۇرلار» ناملىق ئۈچىنچى رومانىغا تۇتۇش قىلغىلى ئېكەن. رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە ئايال، ئانا بولماق ھەقىقەتەن قىيىن، «ئايال يازغۇچى» ئاتىلىش، يەنە كېلىپ بىر نەچچە رومانىنى ئېلان قىلىش تېخىمۇ قىيىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئايالنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىز ئويلاپ يېتەلەيدۇ.

ئايشەم ئەخمەت قۇمۇلدىن چىققان بىردىن-بىر مولھوسۇللۇق ئايال يازغۇچى. قۇمۇلدىكى قەلەمكەشلەر ئىچىدە ئىجادىي ئەسەرلىرى كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان يازغۇچى، شائىرلارنى سانىساق بەش بارمىقىمىزنىمۇ تولۇق يۇمالمايمىز. بۇ جەھەتتە قۇمۇلنى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلار، ھەتتا ناھىيىلەر بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ بولالمايمىز. قۇمۇلدىن 3 گىگانت قەلەم ساھىبىنىڭ چىققانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن كىم چىقتى؟ ئەلۋەتتە ئايشەم ئەخمەت چىقتى. 90- يىللاردىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم ياشلار ـ ئىسمەت سۇلايماندەك پەخىرلىك ئىزباسارلار يېتىشىپ چىقتى. لېكىن، ئايشەم ئەخمەتنى چىقىرىۋېتىپ تۇرۇپ ئارىدىكى مۇشۇ ئۈزۈكچىلىكنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك 30ـ40 يىللىق بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭىمۇ ئايشەم ئەخمەت پېشقەدەملەر بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك سانىلىشقا مۇناسىپ.

مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت 1942- يىلى قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق شەھەر ئىچى يېزىسىدا ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، خەنزۇ، رۇس ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى، شۇنىڭدەك قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى، تارىخىي قىسسە - جەڭنامىلەر، ئەپسانە - رىۋايەت، ماقال - تەمسىللەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قوزغاتتى. 1955- يىلى ئۇنىڭ ئارزۇ گۈللىرى چېچەك ئاچتى. شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنىشى ئۇنىڭغا ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بىلىمىنى موللاشتۇردى. 1958- يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچى 2- دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندى. كېيىن ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ «قۇمۇل گېزىتى»، ئارا تۈرۈك ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئاخبارات، مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئىشلىدى. 1980- يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندا، بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇللىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ بۇ ژۇرنالنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۇ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دا مەخسۇس سان نەشر قىلدۇرۇپ ئۆزى توپلىغان قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى توپلام قىلىپ يورۇقلۇققا چىقاردى. ژۇرنال رەسمىي نەشر قىلىنغاندىن كېيىن قەلەمكەشلەرنى ژۇرنالغا جەلب قىلىپ قۇمۇلنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا كىرىشتى. شۇندىن ئېتىبارەن قۇمۇلدىن بىر تۈركۈم قەلەمكەشلەر يېتىشىپ چىقتى. 1990- يىلغا كەلگەندە ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «قوغۇنلۇقتىكى پاراڭلار»، «سۆيگۈ تۇغقان خىياللار» ناملىق ئىككى توپلامنى نەشرگە تەييارلاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. بۇندىن باشقا داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ 10 يىلدىن بۇيان ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن تاللاپ باھالانغان ئەسەرلەرنى «ئالتۇن روجەك» نامى بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشتۈردى، ئۇ كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىنلىرى ۋە مەخسۇس كۇرس ئېچىپ، قۇمۇلدىكى قەلەمكەشلەرگە تەربىيىلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. كۇرستا زوردۇن سابىر، ئىمىن تۇرسۇن، ئازاد سۇلتان قاتارلىق ئەدىبلەر مەخسۇس تېمىلاردا جانلىق لېكسىيە سۆزلىدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ تىنىمسىز پائالىيەتچى ھەم كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى پېنسىيىگە چىقىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېڭىباشتىن كىرىشىپ كەتتى.

ئايشەم ئەخمەتنىڭ ئەسەرلىرى 1956- يىلدىن باشلاپلا ئېلان قىلىنغان. 70- يىللاردىن باشلاپ ئۇ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن نۇقتىلىق شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرىدىن «باشلىقنىڭ رايى»، «خىجىللىق»، «ھەسرەت» قاتارلىقلار كىتابخانلار ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغىدى. يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن تالانتىدىن بېشارەت بەردى. 1983- يىلىغا كەلگەندە ئۇ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانىنى نەشر قىلدۇرۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇ بۇ رومانى بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىن تۇنجى رومان يازغان ئۈمىدلىك يازغۇچى بولۇپ قالدى.

1991- يىلى ئۇنىڭ «باغداش چېچىكى» ناملىق ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمى مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ توپلام يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. ئايشەم ئەخمەت 1990- يىلى شىنجاڭ ئايال يازغۇچىلىرى زىيارەت ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئالمائاتا، تاشكەنت، موسكۋا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم مەشھۇر شەھەرلەردە زىيارەتتە بولدى. بۇ جەرياندا قازاقىستاندا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىدە «ئەرشتىمۇ سوراق بار» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. بۇندىن باشقا

ئالمائاتا، تاشكەنتلەردە چىقىدىغان «تاشكەنت ئاخشىمى»، «سائادەت»، «كوممۇنىزم تۇغى»، «تارىم دولقۇنلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرنال ۋە مەجمۇئەلەردە قىسمەن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى ھەم تەرجىمھالى تونۇشتۇرۇلدى. ئايشەم ئەخمەتنىڭ چەت ئەل زىيارىتى داۋامىدا يازغان بىر تۈركۈم يىرىك ھېكايىلىرى 1995- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «چەت ئەلدە تۇغۇلغان ھېكايىلەر» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ توپلامدىكى ھېكايىلەر مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ راۋان - ئاممىباپلىقى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشتىكى بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. بۇ توپلامدىكى «مەلىكىنىڭ مەڭزىدىكى داغ»، «28 يىل»، «قاتىلنىڭ مۇھەببىتى» قاتارلىق ھېكايىلەرنىڭ ۋەزنى ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئېغىر بولدى. بۇ توپلام يازغۇچىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن رەسمىي دالالەت بەردى. ئايشەم ئەخمەت يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى، بۇ ساھەدىكى ئەمگىكىنىڭ يىرىك نامايەندىسى بولغان «مېھرىبانۇ ۋالى» ناملىق تارىخىي دراممىسى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كىتابخانلار ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ھەقتە ماقالىلار ئېلان قىلىندى. ئۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ «ئۈچ توپلام» خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ «قۇمۇل شەھەر خەلق قوشاقلىرى» ناملىق توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشىغا زور تۆھپە قوشتى، ئۇ بۇ توپلامنىڭ باش مۇھەررىرى بولدى. 1993- يىلى ئۇ تۈزۈپ نەشرگە تەييارلىغان «قۇمۇل»، «قاسىم قىزىق لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1995- يىل بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 4- نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىغا بېغىشلاپ نەشرگە تەييارلىغان چوڭ ھەجىملىك توپلاما ئەسىرى «خانىم- قىزلار دەستۇرى» نەشر قىلىنىپ جەمئىيەتتە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى ھەم بازارلىق كىتاب بولۇپ قالدى. «بۇلۇت يېرىپ چىققان ئاي» ناملىق پوۋېستى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ ئەجىر - تۆھپىلىرى بەدىلىگە بىر قاتار شان - شەرەپلەرگە ئېرىشتى: ئاپتونوم رايون بويىچە 2 قېتىم «مۇنەۋۋەر مۇھەررىر» بولۇپ



باھالاندى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن يىللاردا ھەر يىلى دېگۈدەك «مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى، «مېھرىبانۇ ۋالى» ناملىق دراممىسى «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن روجەك» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇندىن باشقا، «ئەرشتىمۇ سوراق بار»، «28 يىل»، «مەلىكىنىڭ مەڭزىدىكى داغ»، «گۈگۈم چۈشكەندە»، «قاتىلنىڭ مۇھەببىتى»، «ئوغرىنىڭ تۆھمىتى»، «زەھەرلىك كۆلكە» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىر نەچچە قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ئايشەم ئەخمەت يېقىندىن يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدى. «خانىم - قىزلار دەستۇرى» ناملىق كىتابنى تولۇقلاپ قايتىدىن تۈزدى؛ ياشلار- ئۆسمۈرلەرگە بېغىشلاپ «ياچىبەگ» ناملىق تارىخىي پوۋېستنى پۈتتۈردى؛ «قارا چامادان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇ يەنە «خانبالىقتىكى ئۇيغۇرلار» ناملىق تارىخىي رومان، ياشلار-ئۆسمۈرلەرگە ئاتالغان «تۆمۈر خەلىپە» ناملىق تارىخىي پوۋېست «نېمە ئۈچۈن؟» (ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن)، «ئىجادىيەت ۋە ئادەم» ناملىق ئىلمىي كىتاب ... قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىجتىھات بىلەن ئىشلىمەكتە.

ئايشەم ئەخمەتنىڭ نام - شەرىپى «جۇڭگودىكى مەشھۇر مۇھەررىرلەر قامۇسى»، «جۇڭگودىكى ئالىملار قامۇسى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت پروفېسسورلىرى قامۇسى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبلىرى» قاتارلىقلاردىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. مەملىكەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى، ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇ يەنە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىسمائىل ئەھمەد، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، مىجىت ناسىر، جانابىل، يۇسۇپ ئەيسا قاتارلىق مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئايشەم ئەخمەت ھازىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پىلانى بويىچە كېچە - كۈندۈزلەپ ئىزدىنىۋاتىدۇ، يېزىۋاتىدۇ، يېڭى - يېڭى تېمىلار ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھارماس قەلەم ساھىبىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك يار بولغاي.

# مائارىپىمىزغا چالا دىئاگنوز

غالىپ مۇھەممەت (قارلۇق)

كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشى پۈتۈنلۈك مۇقامىغا يەتكىنى يوق. ئىنسانىيەتنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى ئارخېئولوگىيىسىمۇ ۋاقىت باياۋىنىدا ئۆز تەلپۈنۈشىدىن چەكسىز يىراقلاردا قالدى. بىلىش - كىشىلەرنى ماددىي مەئىشەت جەھەتتە شادلاندۇرغان بولسا، مۇھىت ۋە مەنىۋىيلىك جەھەتتە كىرزىسكە ئىتتەردى. بۇ خىل كىرزىس تۇيغۇسى ئادەملەرنى ئۆز غېرىبلىقىنى سايالىغۇ خىلۋەتلىكلەردىكى مەسكەن بالباللاردىن؛ ئۇنتۇلغان تۇتېم - ئېتىقادلىرىدىن ۋە ئۆتمۈشكە سىغىنىش ئاساسىدىكى ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش جەريانلىرىدىن ناتىۋان سۈت ئەمدۈرۈپ، يانچۇقىدا بايلىقى شاراقشىپ تۇرسىمۇ، مېڭىسى گادايلىقتا قاغجىراپ تۇرىدىغان بىچارە تراگېدىيىسىگە جۈمبەللىك تەسەللىي ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. نېتزى بۇ خىل رېئاللىققا قارىتا «خۇدا ئۆلدى» دەپ جاكارلىغانىدى! دەرۋەقە، ئادىمىزاتنى ئۆز تراگېدىيىسىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇلۇغ چاقىرىق قىلىدىغان، بىلىشنىڭ پاكىزە ماھىيىتىگە كاپالەتلىك قىلغۇچى «مائارىپ» ھەممىنىڭ كوزۇرى سالاھىيىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئىپتىدائىي مائارىپتىن باشلانغان مائارىپ تەرەققىياتى كىشىلەرگە ئۆز ماھىيىتىنى تونۇتۇپلا كەلدى. ئۇنداقتا مائارىپ دېگەن نېمە؟

مائارىپ - ئىنسان ئېڭىنىڭ ماددىيلىشىش جەريانىدىكى بۈيۈك تۇغۇنىدا، بىلىش تەرەققىياتىدىكى پاكىزە ئۆزلۈك! زاغرا چۈشەنچە بىلەن ئېيتقاندا، مائارىپ - تەربىيە دېمەكتۇر. ئۇ بىر مىللەت روھىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى. ئۇ مىللەت تەقدىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. قايسىدۇر بىر ئەدىب ئېيتقانىدەك: «ئۇرۇشتا ھالاك بولغان مىللەت يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقالايدۇ، مائارىپتا ھالاك بولغان مىللەت ھەرگىزمۇ باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ» . دەرۋەقە، بۈگۈنكى رېئاللىق بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە تەكرار-تەكرار سالدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ مەركەز «پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» نى ئاساسى دۆلەت سىياسىتى قىلىپ مۇقىملاشتۇردى. يېڭى ئەسىردىن ئەقلىي رىقابەت ۋەھىمىسى كېلىۋاتقان، دۇنياۋى پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر ئىنقىلابى بولۇۋاتقان، شۇنىڭدەك جۇڭگو مىقياسىدىمۇ قېرىنداش مىللەتلەر ئارا مائارىپ ۋە مەدەنىيەت رىقابىتى بولۇۋاتقان چوڭ، ياخشى ۋەزىيەتتە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى زادى قانداق؟ بۇ جەزىمدار سوئال ئويغاق ئادەملىرىمىزنىڭ كاللىسىغا قارا كۆلەڭگىسىنى تاشلىماي قالمايدۇ. زىيالىيلىرىمىزغا مەلۇمكى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۈچمەس مەشئىلى ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار تەرىپىدىن 1885- يىلى ئاتۇش ئىكساقتا ياندۇرۇلغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ روھى ئەۋلادلار قەلبىدە ئۈچمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا بۇ نۇرلۇق يول نۇرغۇن ئاچچىق كەچمىش، تالاي سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆزىگە تارىخ قىلىپ نەقىشلىدى. ھالبۇكى، بۇ داغدام يولنىڭ بۈگۈنكى كۆز يېشى ھەرگىز ئىلگىرىكىسىگە ئوخشىمايدۇ. ئەجداد روھى قورۇنۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇرنىڭ ناكەس ئىللىتى بۇنداق پاكىزە كۆزۈقلۇقىمۇ مىتە بولۇپ چۈشتى. بۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق بولسۇن ۋە ياكى مىكرو، ماكرو جەھەتتىن بولسۇن مىللىي مائارىپىمىزنىڭ سۈپەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالدى. ئاندىن بۇ رېئاللىق داۋۇت ئوبۇلقاسىمنىڭ «ھازىرقى ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر دىئاگنوز» ۋە مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇقنىڭ «ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ سۈپەت مەسىلىسى» قاتارلىق پىكرى ئۆتكۈر، ئەمەلىيەتچىل ماقالىلىرى ئارقىلىق دىسلەپكى قەدەمدە جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا تاشلاندى. ئوقۇرمەنلىرىمىز ئېرىنمىسە، «شىنجاڭ مائارىپى» گېزىتى بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىغا بېسىلغان ئاشۇ ماقالىلارغا ئېرەن قىلىپ باقسا بولىدۇ. دېمىسىمۇ، مائارىپىمىزدىكى قاتمال ئوقۇتۇش، ئۆلۈك ئەندىزىلەر، ساپا مائارىپىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان ھالەتلىرىمىز، ھە دېسىلا شوئارۋازلىق قىلىدىغان ساختا ئىلمىيلىكلىرىمىز ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئەڭ ئەقەللىيسى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلانغان ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلاردىكى دەرس مۇنبىرىدە سارغىيىپ تۇرۇپ جان باقىدىغان قۇرۇق سۆلەت ئوقۇتقۇچىلار ، تارىخى 20-30 يىللىق خاس مىلودىيىلىك كونسپېكلەر بۇنىڭ جانلىق ئىزاھاتى. يەنە نۇرغۇن سېتۇدېنتلىرىمىز پۇل، مەرتىۋە، ساختا مۇھەببەت ۋە ئويۇن - تاماشىنىڭ بەختسىز قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە «ياشىسۇن! 60 نومۇر» دېگەن «ئۇلۇغ» چاقىرىق ئاستىدىكى قاپاق كاللا بىلەن باكلاۋېرلىق ئۇنۋانى ئېلىپ تاغدەك ئىش قىلىۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىدلىك قۇرغۇچىلىرى جەمئىيەتتىكى ئىقتىدار ئىپادىسى جەھەتتە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن يەر بىلەن ئاسماندەك پەرقلىنىدىغان ھالەتكە ھامىي بولدى. بۇ نەقەدەر ئېچىنارلىق ئەھۋال - ھە!

شۇنداق، يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ھالى مۇشۇنچىلىك بولغان يەردە، ئاساسىي قاتلام مەرىپەت ئوچاقلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە

مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغىنى مەنسەپ قىزغىنلىقى! تۆۋەن يۇقىرىغا ياخشىچاق، يۇقىرى تۆۋەنگە قولداش. بۇ ھەقتە ئابباس مۇنىيازنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997- يىللىق 2-، 3- قوشما سانىغا بېسىلغان «مەنسەپ قىزغىنلىقى ۋە بىزدىكى سۇيىمەت» ناملىق ماقالىسىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلار مەۋجۇت رېئاللىقتىن ئوچۇق دالالەت بېرىدۇ.

«شۇ كۈنلەردە مەكتەپلەردىكى ئاساسلىق ئەمەل-مەنسەپ غەۋغاچىلىرى - كاللىسى قوشۇقنىڭ سىپپىچىلىك مەنسىپى بار ئايرىم ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆز مەكتەپلىرىدىكى ئەمەل - مەنسەپ مۇسابىقىسىنىڭ ھۆججەتچىلىرى ھەم پاسچىلىرى. ئۇلار ئەقىل ئىشلەتسىلا يەنە ئۆسىدىغانلىقىنى، ئەمما ھازىرقى مەنسىپىدىن زادىلا چۈشۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ھامان كۆپ قوللۇق تەييارلىقتا تۇرۇپ كۈنگەن. ئۇلارنىڭ مەكتەپ رەھبەرلىرىدىن ئۆزىگە يارىشا قوللىغۇچىلىرى بار، ھەر قايسى ئىشخانىلاردا جان كۆيەر گۇپپاڭچىلىرىمۇ يېتەرلىك. ئۇلار بەكلا تادان بولغاچقا، باشلىقىغا باشلىقچە، ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلارچە مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ. ئالدىراپ - تېنەپ مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ زىتىغا تەگمەيدۇ. ... رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۆزلىكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆسۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاچقا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشقۇرغۇچى تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆزىگە يارىشا ‹كۆز›، ‹قولاق›، تېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلارغا قۇرۇق ئىمزىگە سېلىپ قويۇپ، ئۆز مەقسىتىنىڭ سادىق قوللىغۇچىلىرى قىلىۋالىدۇ. ئۇلارغا يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتى: كۆڭلىگە يارىشا ماختاپ قويىدۇ، ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ياپىدۇ. ئۇلار ئۇيۇشتۇرغان ھەر خىل سورۇنلارغا قاتنىشىپ بېرىدۇ. تېخى ئۆزىچە: سېنى بۇ يىل ‹ئىلغار› قىلىپ سايلايمەن، سېنىڭ پالانى تەرىپىڭ بەك ياخشى، بۇنى باشلىقنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولىسەن، مەن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قالسام، سېنى مالىيە بۆلۈم مۇدىرى قىلىمەن، سېنى ئىلمىي مۇدىر قىلىمەن، سېنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قىلىمەن ... دېگەندەك ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. ھاياجانلىنىپ كەتكەن بۇ ‹كۆز›، ‹قولاق›لار ئار - نومۇس دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىدۇ. خەق نېمە دەپ قالار دېمەي ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە ھىمايىچىسىنىڭ دۇمبىقىنى چالىدۇ، دېيىشقا ئۇسسۇل ئوينايدۇ ... مالىيىگە مەسئۇللىرى بولسا، ئۆز ‹كۈشەندىلىرى›، نى ئۆي تەقسىماتى، مېۋە - چېۋە تەقسىماتى، ماشىنا ئىشلىتىش، تالون ئاتچوت قىلىش ... لاردا جايلايدۇ. ئۇنۋانغا مەسئۇللىرى بولسا تېخىمۇ چوڭ كوزۇرغا ئىگە. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا قائىدە بويىچە كېلىشكە تېگىشلىك ئۇنۋاننى ۋاقتىدا بەرمەي كەينىگە سۆرەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى شۇ قەدەر چوڭكى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئۇنۋان باھالاش پرىنسىپلىرىنىمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئادەمنىڭ تۆھپىسىنى ئەمەس، داستىخىنىنى، مىجەزىنى باھالايدۇ ...

شۇنداقلارمۇ باركى، ئۇلار مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەر قانداق پەسكەشلىك - رەزىللىكلەردىن يانمايدۇ. مەكتەپ سىرتىدا يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، «ئالىش بەرگەن قازاننى چېقىپ» رەھبەرلىكنىڭ ئۆزى ئىگىلىگەن سەلبىي تەرەپلىرىنى، مەسىلەن، قايسى مۇدىرنىڭ كىمگە يان باسىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ مەزھەپچى - گۇرۇھۋاز ئىكەنلىكىنى، قايسى مۇدىرنىڭ قايسى خانىم بىلەن چاتىقى بارلىقىنى ... يېيىپ، ئۇلارنىڭ نوپۇزىنى چۈشۈرۈشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئورۇن ھازىرلاشقا تىرىشىدۇ. ۋاھالەنكى، مەرىپەتكە ئەمەل تاماسى ئارىلىشىپ كەلسە، ئاپەت مىللەتكە بولىدۇ. ‹قوشۇقنىڭ سىپپىچىلىك›، ھوقۇق تېگىپ قالغان نۇرغۇن زىيالىي ئەمەلدارلار ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ‹سىياسىي› نوپۇزىنى پەش قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن سەللا ئۆچلىشىپ قالساڭ، مەڭگۈ سېنى ياتلايدۇ ۋە پۈتلايدۇ.

ھەقىراست! مائارىپ ئۈچۈن پاكىز ئېتىقاد بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغانلار تولىمۇ چەكلىك. نۇرغۇنى ئۆيۈم، بالام دەپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئوقۇتۇش «ئوقۇتۇش» بولسىلا كۇپايە، ھەقىقىي زېھنىنى يىغىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشقا چولىسىمۇ تەگمەيدۇ. يېقىندا ئۈرۈمچىدىكى بىر نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بىر قېتىملىق يىغىندا: «تاكى ھازىرغىچە مەكتىپىمىزدىن بىرەرمۇ ئوقۇتقۇچى ‹شىنجاڭ مائارىپى›، ژۇرنىلىدا ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت بىرەر پارچىمۇ ماقالا ئېلان قىلىپ باقماپتۇ» دېگەن. دېمىسىمۇ بىزنىڭ مائارىپ ساھەيىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بارغۇدەك دەرمانىمۇ يوق. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، تېخى ئۇلارنىڭ قالپىقى يوغان. «ئۇنۋان» مۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ئىگىسىنى تاپالماي قالىدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بىزدىكى «ئۇنۋان» مەسىلىسى - ئېنىقلا «قاچا بىلەن داشقازان مۇناسىۋىتى».

ھازىر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئۇنۋان» نى باھالاشتا ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان - قىلمىغانلىقىمۇ مۇھىم بىر ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىلمىي ماقالىنىڭ ئۆلچىمىنى شەرھىيلەپ ئولتۇرمايلى. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى خىزمەتتىكى مۇناسىۋەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ساختا ماقالا ئېلان قىلدۇرۇپ راست ئۇنۋاننىڭ ئىگىسى بولىۋاتىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، نۆۋەتتە ھاراقكەشلىكمۇ مائارىپ ساھەسىدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تېپىۋالدى. نۇرغۇن «زابوي» ئوقۇتقۇچىلار يېتىشىپ چىقتى ۋە چىقىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا بەزىبىر ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى،

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گورۇھى شىركىتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ قابىلىيەتلىك بىر تارىخ دەرسى ئوقۇتقۇچىسى هاراق سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ياشلىق باهارىنى «ئۆلۈم» بىلەن ئاياقلاشتۇردى. بۇ نەقەدەر تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت - هە!

مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشقا مەسئۇل مۇدىرى بىر قېتىملىق يىغىندا مۇنداق دېگەن: «دەرسلىك كىتابنىلا كۆرۈڭلار. شۇ بويىچىلا دەرس سۆزلەش كېرەك. قوشۇمچە ماتېرىيال كۆرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قىلمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭلارمۇ بولىدۇ. ئەگەر ۋاقىت يار بېرىدىغانلا ئىش بولسا، مەنمۇ ئاپتونوم رايون تەۋەسىنى ھەيرەتتە قالدۇرالىغىدەك ماقالىلارنى يازغان بولاتتىم. هازىرغىچە، نېمىشقا يازمىدىم؟ چۈنكى مەن ئوقۇتۇش بىلەن ئالدىراش». شۇ ۋاقىتتا بۇ سۆزنى ئاڭلىغان باشقا ئوقۇتقۇچىلار قانداق ھېسسىياتتا بولغاندۇ؟ كاللىسى سەگەك ئوقۇرمەن، سىز قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز؟

يەنە شۇلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى غەيۋەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، گۇروھۋازلىق، مەنسەپ قىزغىنلىقىدىن چىقىۋاتقان ھەر خىل رەزىللىكلەر ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رېژىسسورلۇقىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەختەم ئۆمەر «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» ناملىق بىر يۇرۇش ماقالىسىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالاتىنى مۇنداق يىغىنچاقلىغانىدى: «ياشلىرى هاراق - تاماكىلاشتى. ئوتتۇرا ياشلىقلىرى رېستورانلاشتى، قېرىلىرى هاجىلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مىللەت تۈگەشتى». مېنىڭ بۇ پارچىغا تۈۋەندىكى جۈملىنى قوشۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: «مەنسەپ قىزغىنلىقى ئاشتى، زىيالىيلىرى پىتنىخورلاشتى. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ خورلاندى».

بەرھەق! پاكىت - پىلنى ئۇسارتىدۇ.

نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەختەم ئۆمەر، يالقۇن روزى، ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكانى، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئىسمائىل سۇلايمان ... قاتارلىق ساھىبقىرانلىرىمىز كارنىيى يىرتىلغۇدەك دەرىجىدە ئاچچىق تەنبىھ - نەسىھەتلەرنى، ۋەزنى مىڭ پاتمان ھەق گەپلەرنى قىلىۋاتسىمۇ ئەھۋالىمىز يەنىلا شۇ «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بولىۋاتىدۇ. بۇ، مەنىۋىي جەھەتتىكى توپان بالاسىنىڭ بىشارىتىدىن ئىبارەت.

شۇنداقلا قارىساق، كۆز ئالدىمىزدا يېڭى ئەسىرنىڭ جىسمى كۆرۈنىدۇ. ئوبدان قولاق سالساق شۇ ئەسىردىن مۇنداق بىر سادا كېلىدۇ: «كەلگۈسى ئەسىر ئەقىل رىقابەت دەۋرى، بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىشى ئۇنىڭ ساپاسىغا باغلىق». گېرمانىيىلىك بىر پەيلاسوپ مۇنداق دېگەنىكەن: «گېرمان مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن مائارىپ - ئارمىيىدىنمۇ مۇھىم». شۇنداق بىزگە نىسبەتەنمۇ «مائارىپ - ناخشا-ئۇسسۇلدىنمۇ مۇھىم». ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ مىللىتىنىڭ سەنئەت بايلىقىنى چۆكۈرۈش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ پولات-تۆمۈر گورۇھى شىركىتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى)**

(بېشى 33- بەتتە)

ئۆتكۈزىدىغان خالىس دىنىي مۇراسىم. ئەمدى ئۇلارنى ئىستىن چىقارغانلىقىمىز بىزنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرىمىزنى «ئىسلاھ» قىلغىنىمىزمۇ؟

جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانېرى بىز ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئەجدادلارنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن بارغانسېرى چەتنەپ كېتىۋاتىمىز. بىزگە ئاددى - ساددا بولۇش، لايىقىدا ئىش قىلىش ياراشماس بولۇپ كەتتى. قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ زادى قانچىلىك پايدىسى بار؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك قىلىمەن؟ دەيدىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. مەرھۇم شائىر جاپپار ئەمەتنىڭ ئايالى زۆھرە خانىم ۋە ئوغۇللىرى مەرھۇمنىڭ نەزىرىگە ئاتىغان پۇلنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىپ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش قىلدى. بىكاردىن - بىكار بۇزۇپ چاچقىچە بالىلارنى، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلساق، ئۇلارنى غەم - قايغۇدىن ئازراق بولسىمۇ خالاس قىلساق ياخشى ئەمەسمۇ؟

بىزدىكى تارىخنى ئۇنتۇپ يۇرت، مىللەتنى سۆيمەسلىكتەك كىرىزىس تۇسنى ئالغان پىسخىكىلىك خاھىشلار بىزگە ياخشىلىقتىن يامانلىقنى كۆپرەك يالداما قىلماقتا. يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئىللەتلەرگە تولغان جىسمىمىز بىلەن قەدەم ئېلىشقا ئىنتىرمەكتە. تارىخنى، ئەجدادلارنى ئۇنۇتقانلىق - ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنۇتقانلىق. ئەجدادلىرىمىز تالاي جاپالارنى چېكىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، بۇ ئەزىز دىياردا مۇقەددەس ماكان قۇرۇپ، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئارقىلىق بىزگە ئېسىل مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇ ئېسىل مىراسلار بىزنىڭ ئۆز قولىمىز، ئۆز تىلىمىز بىلەن ۋەيران بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ روھى قورۇنامدۇ؟ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمىزنى باشقىلارنىڭ يارىماس قىلمىشلىرى بىلەن نىقاپلاپ، ئۇلۇغ خاسىيىتىنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنماي، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاددىي - ساددا بولۇش ئۆرنەكلىرىنى داۋام قىلايلى. ھەرگىزمۇ ئەۋلادلارغا ئىللەتلىرىمىزنى يۇقتۇرۇپ قويمايلى.

(رەسسام ئىمىنجان)

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ئاتۇش كاتتايلاق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ)**

# هاراق بىزگە نېمىنى ھەل قىلىپ بەردى

ئىلياس ھېمىت

دۇنيادا ياشىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارزۇ - ئارمانلىرى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئاشۇ ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ تۈرتكىسىدە تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، غەلىبىسىنى ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. بەزى كىشىلەر ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلمىسە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىغا ئۇچرىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ كۆرمەيلا، ئۆزىدە بىر خىل قارىغۇلارچە زېرىكىش ۋە بىزار بولۇش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل، ساددا كىشىلەر بولسا، باشقا بىرەرسىگە ياخشىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرۈپ قالىدۇ ياكى جەمئىيەت، خەلق ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەكسىچە، ھەر خىل پىتنە - پاسات، تاپا - تەنىلەرگە قالىدۇ. ھەتتا، مەلۇم جازالارغىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ-دە، «ھەي بولدىلا، جەمئىيەت تۇگىشىپتىغۇ، سۇنىڭ ئېقىشىغا ئىش كۆرەي، ماڭا نېمە كەپتۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ.

بىزنىڭ ئىچىمىزدە بۇ خىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغانلار كۆپىنچە ئىچ پۇشۇقىنى ھاراق ئارقىلىق چىقارماقچى بولۇپ، بولۇشىچە ئىچىدۇ - دە، مەست - ئەلەس بولۇپ، كاللىسىدا ئەسلىدىنلا پەيدا بولۇپ قالغان ھېلىقى بىزارلىقنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ «قورقماس، باتۇر، مەرد» بولىۋېلىپ، يا باشقىلارنى بىزار قىلىدىغان ئەخلاقسىز قىلىقلارنى چىقىرىدۇ يا بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، ئەتىسى ئويغىنىپ ئېسىگە كەلگەندە بولسا، «كۆتىرەلمىگەنىڭ ساڭگىلىتۋال» دېگەندەك، بۇ بىچارىنىڭ دەردى ئازايماستىن ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپىيىپ قالىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بىر قىسىم دانالىرىمىز بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك قوشاقلارنىمۇ توقۇشۇپ قويغان ئىكەن:

«مەي پەيدا قىلار مەستلىك،
مەستلىكتىن چىقار پەسلىك.
مەينىڭ ئاشىقى بولساڭ،
باسىدۇ سېنى نەسلىك».

ئەسىرلەر بويى ئىچىپ كەلدۇق ھەم ئىچىۋاتىمىز. توي قىلساقمۇ ئىچتۇق (خۇشاللىقتا)، ئاجرىشىپ كەتسەكمۇ ئىچتۇق. (خاپىلىقتا)، بايرامدىمۇ ئىچتۇق، ھېيت - ئايەمدىمۇ ئىچتۇق. تۇغۇلغان كۈن - تۈنلەردە، رېستوران - قاۋاقخانىلاردا، مەكتەپ ھەم ئۆيلەردىمۇ «قىرلىق ھەم قىرسىز ئىستاكان» لاردىمۇ ئىچىپ كەپتۇق. ئاشۇنداق ئىچىپ، مەست - ئەلەس بولۇپ، گاھىدا غورۇرىمىز قوزغىلىپ كېتىپ، چوڭ ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپتىمىز. كىچىك ئىشلاردىن تۈرلۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى، دەرد - ئەلەملىرىمىزنى، غەيۋەت - شىكايەتلىرىمىزنى ھارماي - تالماي سۆزلەپتىمىز. ياخشى - ياماننى پەرق ئېتىشنى ئۇنتۇپ ئاتا - ئانا، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، كوچا - مەھەللە دېمەستىن، ئۆز سەنئىمىزگە دەسسەپ، ئۇچرىغانغا ئالا - تاغىل ۋارقىراپ، كۆز ئالايتىپ، ئۆزىمىزچە «نوچى» بولۇپ، جاھاننى «سوراپ» يۈرۈپتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىنلا قاتتىق - قۇرۇق، ئىپتىدائىي كاللىمىز تېخىمۇ تورمۇزلىنىپ، تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز بارغانچە مەنفى نۇقتىغا چۈشۈشكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆز نۆۋىتىدە قولىمىزدىكى ئاپئاق نانلارنىمۇ كوچىدىكى ئىتلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ھېلىقى ساختا نوچىلىقىمىز بىلەن «قوڭۇمدا ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى» بولۇپ ياشاۋېرىپتۇق. لېكىن، «ھالىمىز نىچۈك؟» دېسەم، يەنىلا شۇ «ئۈچ يەتتە يىگىرمە بىر» ئىكەن. ئويلاپ باقايلىچۇ، هاراق بىزگە زادى نېمە ھەل قىلىپ بېرىپتۇ؟ ھېچ نېمىنى! توغرا، هاراق بىزگە ھېچ نېمىنى ھەل قىلىپ بەرگىنى يوق. لېكىن، بىز هاراق زاۋۇتلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىنى جانلاندۇرۇپ، هاراق بوتۇلكىلىرىدىكى «خوجايىن» لىرىمىزنىڭ ئىللىق، سىلىق - سىپايە مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ كەلگىنىمىز راست (نەق تۆلەپ سېتىۋالغان ئەھۋالدا). ناۋادا، هاراق راستىنلا بىزنىڭ دەردىمىزگە دەرمان بولغان بولسا، ئۇ چاغدا، ھازىر بىز بۇ ئالەمدىكى ئەڭ خاتىرجەم، دەردى يوق، ئاجايىپ كاتتا بىر مىللەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتۇق - دە، كىممۇ بىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ دەيسىز؟

دېمەك، هاراق بىزنىڭ ھېچقانداق دەردىمىزگە دەۋا بولمايلا قالماستىن، بەلكى دەردىمىزنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ بېرىپتۇ. ئائىلىدىكى ماجىرالارنىڭ، دوست - ئاغىنىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك جېدەل-غەۋغالارنىڭ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارنىڭ تۈپ يىلتىزى نەدە؟ يەنە ئاشۇ بوتۇلكىلارنىڭ ئىچىدىن ئۈنۈپ چىقىپتۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىز يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ھەقىقىي نوچىلىق ئىكەنلىكىنى تېخىچە تونۇپ يەتمەپتىمىز. شۇڭلاشقا، مېنىڭ ھېس قىلغىنىم، بىز چوقۇم تۈرلۈك-تۈمەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئىلمىي، توغرا

(داۋامى 32- بەتتە)



# تراكتورغا «شىپا سۈيى» قىلىش

ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم

«قاغا چوقۇپ يەيدۇ، موللا ئوقۇپ(يەيدۇ) .
— قومۇل خەلق ماقالى

بىزدىكى تۈرلۈك كۈلپەت - كەلگۈلۈكلەر بىزگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرگە، بولۇپمۇ ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ ئالىي نېمەتكە كۇپۇرلۇق قىلىشتىن كېلىدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار» دېگەن ئەسىرىدە پەنگە زىيادە بېرىلىشنىڭ پەننى خوراپاتنى، دىنغا زىيادە بېرىلىشنىڭ دىننى خوراپاتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەن بۇ يازمىدا قاپقارا نادانلىق، گوللۇق سەۋەبچى بولغان بىر خوراپاتنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچى.

مەلۇم كەنتتىكى 30 نەچچە ياشلىق بىر دېھقاننىڭ بىردىن بىر تىرىكچىلىك ۋاستىسى ھېسابلىنىدىغان 28 تىپلىق بىر تراكتورى ئوقەت تازا قىزىيدىغان چاغدا چاتاق چىقىپ يېتىۋاپتۇ. تراكتورى ساق بولسا ياز ئايلىرىدا تاش توشۇپ 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپىدىغان بۇ دېھقان تراكتورنىڭ چاتىقىنى بىلەلمىگەندىن كېيىن، بۇ «جانۋار» نىڭ ئىچ - باغرىنى ئۈچ قېتىم چۇۋۇۋېتىپتۇ. ئۆزى ئامال قىلالماي شەھەردىن نامى چىققان بىر رېمونتچىنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ «ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېيىشار» دېگەندەك تراكتورى زۇۋانغا كەلمەپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە زىياننىڭ ۋەسۋەسىدىنمۇ ياكى كىچىكىدىن ئاڭلاپ يۈرگەن «قىزدۇرغۇلۇق» ، «توساق» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ، كۆڭلىگە جىن سىيىپ ئۇنىڭدا «تراكتورى بارلار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەن تېز كۆتۈرۈلدۈم. قارىغاندا بىرەرىنىڭ كۆزى قىزىرىپ تراكتورغا ‹توساق› قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ» دېگەن گۇمان پەيدا بوپتۇ. ئۇ پەرەز قىلا - قىلا ئاخىرى گۇمانىنى جەزىملەشتۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر «موللا» نىڭ «ھوزۇرى» غا بېرىپ ھال - ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ. بۇ «موللا» بىر قانچە رەت پال ئاچقاندىن كېيىن «چاتاق» يوقلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى يولغا ساپتۇ. ئۇ بۇ يەردىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ گۇمانىدىن يالتايماي، يەنە بىر «موللا» نىڭ «ھوزۇرى» غا بېرىپتۇ. بۇ كىشى تەپسىلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «توساق» نىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى، «توساق» نى يوقىتىش ئۈچۈن تېمەن پاخلاندىن بىرنى ئاشۇ تراكتورغا سىلىپ ئېلىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى، پاخلاننى قان قىلىسىلا تراكتورنىڭ سەللىمازا «ساقىيىپ» كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دېھقان «باشپاناھ» قا ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ، «بىر پاخلاننىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، قان قىلسام قىلدىم» دەپ، كۆڭلى ئالەمچە يورۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ - يۇ، كۆڭلىگە «رەسمىيىتى يوق تراكتورنى سۆرىتىپ بازار ئەتراپىدا مېڭىپ تۇتۇلۇپ قالسام، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك بىر پاتمان جەرىمانە قويۇۋەتسە قانداق قىلارمەن» دېگەن غەم چۈشۈپ خۇشاللىقى توزۇپ لاسىدە بولۇپ قاپتۇ. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ يۈرگەن كۈنلەردە شۇ ئەتراپتىكى بىر «موللا»

نىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ «ھوزۇرى» غىمۇ بېرىپتۇ. بۇ «زات» مۇ بىر ھازا ئوقۇغاندىن كېيىن «توساق» نىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى، «شىپا سۇيى» قىلىنسىلا «توساق» نىڭ تۇزغاقتا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، بىراق «شىپا سۇيى» گە بۇلاق سۇيى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى سۇيى بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بۇلاقنىڭ سۇيىدىن بىر چېلەك ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ «تراكتورۇم ئوڭشىلىپلا قالىدىغان ئىش بولسا، قانچە جاپا تارتسامۇ مەيلى» دەپ تاغقا چىقىپ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتىن بىرنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە تېپىپ، بىر چېلەك سۇنى ئېقىتماي - تېمىتماي دېگىدەك «شىپاگەر زات» نىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇ «زات» سۇغا «سۇف كۈچ» قىلىپ ھۆرگەندىن كېيىن «شىپا سۇيى» نىڭ بولۇر - بولماس يەرلەرگە تېمىپ كەتسە «شىپا» بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا سوزۇك، ئۇلۇغ ئېقىن سۇنى تېپىپ تراكتورنى ئېقىن سۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ، «شىپا سۇيى» نى قۇيسا تراكتورنىڭ شۇ زامات ئوت ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە «شىپا سۇيى» نى قۇيۇشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان «دۇئا - دۇرۇت» لارنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ كۆپ مۇشەققەت تارتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ «شىپا سۇيى» گە ھەق ئالمايدىغانلىقىنى مەردلەرچە جاكارلاپتۇ. «خىزىر سۈپەت» بۇ «زات» نىڭ ئىلتىپاتىدىن چەكسىز خۇرسەن بولغان بۇ دېھقان «بۇ ئىش ئۈچۈن تارتمىغان جاپايىم قالمىدى. ئىشىمنىڭ ئوڭغا تارتىدىغان ۋاقتى ئەمدى كەپتۇ» دەپ ئويلاپ ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ ئاخىرى سوزۇك، ئۇلۇغ ئېقىن سۇنى مىڭ تەسلىكتە تېپىپتۇ. ئۇ «خاسىيەتلىك» بىر كۈننى تاللاپ، بىر ئاغىنىسىنىڭ تراكتورىغا ئۆزىنىڭ تراكتورىنى سۆرىتىپ، ئېقىن سۇنىڭ بويىغا بېرىپ، مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىر يەردىن تراكتورنى سۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ «شىپاگەر زات» تەلىم قىلغان «دۇئا - دۇرۇت» لارنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن «شىپا سۇيى» نى تراكتورنىڭ سۇباكىغا ئاۋايلاپ قۇيۇپتۇ ۋە بېشىغا ھۇما قۇشى قونغاندەك شوك تۇرۇپ «كارامەت» نى كۈتۈپتۇ.

شۇنچە كۈتسىمۇ نەدىكى «كارامەت»؟ تراكتور ئىگىسىنى مەسخىرە قىلغاندەك ھومىيىپ تۇرىۋېرىپتۇ. ئۇ «ئازراق سەۋەب قىلمىسامۇ بولماس» دەپ ئويلاپ، تراكتورنى قىرغاقتا چىقىرىپ، ئوت ئالدۇرغۇچنى قولىغا ئېلىپ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ۋە كۈچىنى بىلىكىگە يىغىپ كۈچەپ تولغاپتۇ. بىراق، ئوت ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەسلىدە ئاندا - ساندا زۇۋانى بار تراكتورنىڭ زۇۋانى تامامەن ئۆچۈپتۇ…

تراكتورغا «شىپا سۇيى» قىلىشنى قويۇپ تۇرۇپ ئادەمگە «شىپا سۇيى» ئىچكۈزۈشنىڭ ئۆزى ھەققىدە توختالساق، نۇرغۇنلىرىمىز ئۇنىڭ پەنگە مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، دىنغا ھەم مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك كېرەك. بۇ «شىپاگەرلىك» ئىسلى قانۇنىيەتكە خىلاپ. قىسمەن زىيالىيلىرىمىز ئۇنى قەلب شىپاگەرلىكىگە (پسىخىك داۋالاش) باغلايدىكەن. قەلب شىپارگەرلىكى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى ئوبيېكت قىلىدىغان نازۇك ئىلىم بولۇپ، «شىپا سۇيى» بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ. ئىلىم - پەن كارامەت كۆرسىتىۋاتقان، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشلەر بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېڭىمىز زامانىۋىلاشماقتا يوق «شىپا سۇيى» گە ئوخشاش ئىپتىدائىي خۇراپاتلارنىڭ ئادەمدىن ئۆتۈپ تراكتوردەك زامانىۋى ۋاسىتىلەرگە «تەرەققىي» قىلىشى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. ئەشۇ دېھقاندەك تەربىيىسىزلىك تۈپەيلىدىن ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجىنىڭ ئىسكەنجىسى ۋە دىشۋارچىلىقىدا تېگىشلىك قەدىر - قىممەتنى ھېس قىلىش، خاس ئىقتىدارنى تايىن تاپقۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر يىلنى ئەمەس، نەچچە ئون يىلنى، ھەتتا تامام ئۆمرىنى بىر خىل رېتىمدا سورۇقچىلىق تارتىپ ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتقان سان - ساناقسىز قېرىنداشلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئەشۇ دېھقان (ئۈچ بالىنىڭ ئاتىسىكەن) ئەقەللىيسى ئائىلىدىن ئىبارەت تۇنجى مەكتەپنىڭ «مۇدىرى» لىقىنى قانداقمۇ ئادا قىلالىسۇن؟!

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ساقا باغۋەنچىلىك مەيدانى)**

(بېشى 30- بەتتە)

مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز زۆرۈر ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشىمىز، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشنى بىلىشىمىز، ئۆزىمىزدە ئىمكانقەدەر كەڭ قورساق، ئېغىر - بېسىق، سوغۇققان، ئۈمىدۋار كەيپىياتنى يېتىلدۈرۈپ، تۇرمۇشتا قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلىشىمىز ھەم ئىرادە - ئېتىقادىمىزنى تاۋلاپ نىيەت - ئىقبالىمىزنى يېڭىلاپ، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىمۇ پۇرسەت تېپىشقا تىرىشىشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى كىشىلىك قەدىر - قىممىتىمىزنى تىكلەش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن. ماقالامنى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم: «ناگاساكى، خىروسىمىلارغا ئاتوم بومبىسى تاشلانغان، بىزنىڭ بۇ يەرگە ھاراق بوتۇلكىلىرى تاشلانغان. بىراق پاجىئەنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش، بەلكى بىزدە ئېغىر. ناگاساكى، خىروسىمىلاردىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى زەخىملەنگەن، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن روھى تەڭ زەخىملەنگەن!».

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ئارا تۈرۈك ناھىيە تۈركۆل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى)**



# قورۇنمىسۇن ئەجدادلار روھى

ئانىقىز ئەزىزى

بىز ئۆزگىچە مەدەنىيەت چەمبىرىكى ھاسىل قىلغان شانۇ-شەۋكەتلىك خەلق. جۈملىدىن، بىزنىڭ ئۆزىمىزگىلا خاس ئۆرپ - ئادەت ئۆرنەكلىرىمىزمۇ مۇشۇ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. بىزنى ئەقلىيەتكە، پاك ئىنسانىي روھىيەتكە يېتەكلەيدۇ. ھالبۇكى، مەدەنىيەتنىڭ سىڭىشىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئەبجەش مەدەنىيەت ئامىللىرى بۇ جۇلالىق مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا خېلى قېنىق داغلارنى تەگكۈزۈپ قويدى، ھەتتا قىسمەن داغلار يىلتىزلانغىلى، چېچەكلىگىلى تۇردى. بەزىلىرىمىز ھەتتا نېمىنىڭ ئۆز مەدەنىيەت، نېمىنىڭ يات مەدەنىيەت، يەنە نېمىنىڭ شالغۇت مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماس بولۇپ قالدۇق. بىزدە ئۆزلۈكتىن ياتسىراش، داجىش، ھەدەپ «يېڭىلىق» قوغلىشىش خاھىشى ئەۋج ئالدى. مەن ئۆزۈمدىن بېرى كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ كېلىۋاتقان ئەپسۇسلۇق خۇسۇسىدىكى ئەندىشىلىك ئويلىرىمنىڭ ئازراق ساقىنىدىسى سۈپىتىدە بۇ ئاددى ماقالىنى يېزىشنى خوپ كۆردۈم. مۇشتەرىلەرنىڭ بۇ ماقالىنى ئەقىل كۆزى بىلەن ئوقۇپ ئويلىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىزدىكى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ھەشەمەتچى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇرۇن ئەجدادلىرىمىز توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى ناھايىتى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈپ بەخت-سائادەت ئىچىدە ياشاپ كەلگەن. شۇڭا، كىشىلەر توي دېسە خۇشال بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە توي، باغاقىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن كىشىنى غەم باسىدۇ. تويلار كۈنسېرى ھەشەمەتلىشىپ، ئايۋان - ساراي، ھويلا ئارامىلاردىن مىللەت ۋە ئىللەت Ⅱ رېستوران، زاللارغا كۆچتى. ھالىمىزغا بېقىپراق ئىش قىلماي، مىسكىنلىك مۇشەققەتتە تاپقان-تەرگەنلىرىمىزنى بۇزۇپ چاچىمىز. ھەتتا، قەرز يۈكىنى خالاپ تۇرۇپ بولۇشىغا ئارتىۋالىمىز. تويىنى باشقىلاردىن پەرقلىق، كاتتا قىلىمىز، دەپ ئۇيىراقچىلىق تارتىپ ھەدەپ «يېڭىلىق» يارىتىمىزغان بولدۇق. بېشىمىزغا «ئابروي» تۇزانلىرىمۇ قوندى. تويلىرىمىزنىڭ ھەشەمەتلەشكىنى يەتمەي ئۆلۈم-يېتىملار، نەزىر-چىراغلارنىڭ كاتتىلاشقىنىنى دېمەمدىغان. بىزدە ئاتا-ئانىلىرىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز باقىي ئالەمگە بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ يەتتە نەزىر، 40 نەزىر… دەپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىغان ئادىتىمىز بار ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ نەزىرلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۆلگۈچىنىڭ 7 بالىسى بولسا (ئۆيلىرى ئايرىم-ئايرىم) ھەممىسى ئۆز ئۆيىدە نۆۋەت بىلەن نەزىر قىلىدىغان، نەزىرلەرگە مەخسۇس باغاق باستۇرۇپ، خۇددى مېھماندارچىلىققا چاقىرغاندەك ئادەم تەكلىپ قىلىدىغان غەيرى يۈزلىنىش ئادەت تۈسىنى ئالغىلى تۇردى. يەنە شۇ نەزىرلەردە ئەمەلدار-غوجاملار، مىليونېر-بايلار ئەتىۋارلىنىپ تۆرگە تەكلىپ قىلىنىۋاتقان، يېتىم - يېسىرلار، ئاجىز-مەزلۇملار، نامرات-يوقسۇللار نەزىر قىلىنغان ئۆيلەرگە ئاياق بېسىشقا جۈرئەت قىلالماۋاتقان، قەدەم باسسىمۇ سوغاق مۇئامىلىگە ئۇچراپ كۆڭلى غەش بولۇۋاتقان … بۇنداق قىلمىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۆلگەن كىشىنىڭ ساق ۋاقتىدا قەدرىنى قىلماي بۇ جاھاندىن كەتكەندە روھىغا ئاتاپ ھەشەمەتچىلىك قىلغىنىمىز خۇشاللىق تەنتەنىمىزمۇ ياكى مۇسىبەت قايغۇمىزمۇ؟

نەزىر – ئەسلىدە ئاجىز - مىسكىنلەرغا، نامرات - يوقسۇللارغا، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز نامىدا

(ئاخىرى 29- بەتتە)

# ئەرقىمىز ۋە پەرقىمىز

ئوسمان زاھىر

«ئېشەككە مۈرابىا بەرسەڭمۇ بەربىر ئېشەك، كېسەككە ئالتۇن يالاتساڭمۇ بەربىر كېسەك». پەقەت تىللىق بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا بىز بۇ سادىق جانىۋارنى خالىغانچە ھاقارەتلىيەلەيمىز. ئىت جېنىدا يوندا ئىچسىمۇ ئىگىسىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. پەقەت تىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارغا قانۇن تۈزۈپ بەرمىدۇق. سۈت بەرگەنلىكى ئۈچۈن كالىنى دۆتلەرنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. ئىنسان باللىرىنىڭ بۈگۈنكى قىسمەتلىرى ئاسىيلارنىڭ ئەزىز، مۆمىنلەرنىڭ خار - زارلىقى بىلەن خۇلاسىلەندى. شاتۇتى خۇشامەت قىلىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئېگىز قونداقتا چىقالىدى. ھەيرانمەن، قەدىرلىك ئەقىدىنىڭ خىسە ئورنىدا ئەۋرەز كۆلچەكلىرىدە سۇنايلىنىپ ياتقىنىغا!

كاتتا بىنالار ئىچىدىن چەكسىز غېرىبلىقنىڭ قوللىرى سوزۇلۇپ تۇراتتى. مەئىشەت قاينىغان بۇ كىچىككىنە دۇنيانىڭ ھەربىر خىلۋەتلىرىدە تۇرلۇك كارتىنا، تۇرلۇك رەڭ ... پوزۇر كىيىملەر ئىچىدە سوقۇپ تۇرغان، مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىۋاتقان قانلىق يۈرەكلەر ... دەرۋەقە ھېچكىمگە چۈش ئەمەس. بۇزۇلغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، ئەلەملىك نالە - پەريادلارنى ئىت - مۈشۈكلەر ئەمەس، بەلكى ئاشۇ مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ بىر تۈرى بولغان ماقال - تەمسىللەردىكى «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا»، «ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى بۇرنۇڭنى قان ئېتەر» ... دېگەندەك مەزمۇنلار ئەمەلىيەتتە ساداقەت بابىدا ئىتچىلىكمۇ بولالمىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەتراپىمىزغا دىققەت قىلساق، ئەمەلىيەتتە بىز قوغلاندى قىلىۋەتكەن، خارلاۋاتقان قۇشلار، ئىت - مۈشۈكلەر بىزگە ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ: توشقان ئۆز ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى چۆپنى يېمەيدۇ، ئېشەك چېغىدا بىر قېتىم پۇتى كىرگەن ئورەككە قايتا دەسسىمەيدۇ، قارلىغاچ بىر ئۇۋا سالغان ئۆيدىن ئىككىنچىلەپ تەزمەيدۇ، بىر تال قۇرت تاپسىمۇ جۈپتى بىلەن تەڭ يەيدۇ. ئۇلار «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، تەڭ يېمىسەڭ يەرگە » دېگەن ھېكمەتنى بىزدىن ئوبدان بىلىدۇ. بۇ بىزدىكى تۈزنى يەپ تۇزلۇقنى چاقىدىغان ئايرىم كىشىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما.

«خام سۈت ئەمگەن» ئىنسان باللىرى كەينى - كەينىدىن خاتالىقلارغا يول قويماقتا، يەنە كېلىپ خاتالىقلارنى تەكرارلىماقتا. ئادەم ئاتىدىن باشلانغان ئازغۇنلۇق ئىنسان ئۆزىنى ئەقىل بابىدا تاكامۇللۇق تاجىغا مۇناسىپ كۆرۈۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىدىمۇ تەكرارلانماقتا.

سەمىمىيلىك - ئەخمەقلىق، قويمىچىلىق - قولىدىن ئىش كەلگەنلىك سانىلىۋاتقان خىيانەتكار زاماندا تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەپتىگە قاراپ باقايلى: تىلى چىقا - چىقمايلا ئاتا - ئانىسىنى قانداق بابلاشنى، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىكى ناننى قانداق تارتىۋېلىشنى بىلىدۇ. نەسلىك قۇتراپ تۇرغان ۋۇجۇدىمىزدىن تامغان بۇ نارەسىدىلەرنىڭ ئەتىكى تەقدىرى بىز ئۈچۈن تېپىشماق، ئۆزىنى يارالمىشىدىن «شەھەرلىك» سانايدىغان ئايرىم كىشىلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ جان تومۇرىنى تەشكىل قىلغان، شېرىن ئانا تۇپراقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ دېھقانلىرىمىزنى كۆرسەك «تومپايلار» دەپ بۇرنىمىزنى تۇتىمىز. ۋاپا ھەققىدە سۆز ئېچىلسا، كۆپىنچىمىز قورتلاپ كەتكەن ۋىجدانىمىزنى پەش قىلىپ سۆزلەيمىز. «ئانا» دەپ ئېغىزدا، تىلبۇزۇرلاردا ئاغزىمىز كىرىشىپ قالغۇچە سۆزلىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق، ئاشۇ ناخشىچىلىرىمىزدىن بىرەرسى بىرەر جاپاكەش ئانىسىنىڭ قولىدىن ئورغاقنى ئېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. كاستيوم-بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ تىلىمىز، دىلىمىز بىلەن بىرلەشمىگەن ھالدا ئېيتقان ناخشىلىرىمىزنىڭ ئەبجەش مىراسلىرى ئارىسىدا كۆيۈمچان ئانىلارنىڭ مىسكىن ۋۇجۇدى خىرەلىشىپ كەتتى ... ئەشەددىي زومىگەر شامەخسۇت ئۆلگەندە كىشىلەرنى «ھەتتا ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ھازا ئېچىۋاتىدۇ» دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بوتىلاق، قوزا، موزايلار ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ ھازا تۇتقۇزۇلغان ئىكەن. مۈشۈك ئىتنىڭ ئۆتۈكىنى تىكىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا قېچىپ يۈرەرمىش. پۇلى بولمىسىمۇ گۆشكە خۇمارى بار بۇ جانىۋار ئاقىۋەت بىزنىڭ تۇخۇمىنى دەپ مېكياننى ئۆلتۈرىدىغان كالتە پەملىكىمىز تۈپەيلىدىن قىرىلىپ تۈگەيلا دېدى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئوغرىلىنىپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆزىگە ئاش- تۇز بەرگەن ئۆيىنى تاپقان ھەم بوسۇغا تۈۋىدە ئۆلۈپ قالغان مۈشۈكىمىزچىلىك ئەقىدىسى بار ئادەمنى ھازىرغىچە ئۇچراتمىدىم. «چۆجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق» دېيىشىمىز. ھالبۇكى، ئاشۇ غەلۋىچى مېكىيان جېنىدا پوق يېسىمۇ تۇخۇم بېرىدۇ، 7-8 چۆجىنى ئەقىدە بىلەن بېقىپ قاتارغا قوشالايدۇ. بىزنىڭ قىسمەن ئانىلىرىمىز بىر بالىغا مېھرىنى يەتكۈزەلمەي كىچىككىنە پەرزەنتىنىڭ سەبىي قەلبىنى جۇت ھۇۋلاپ تۇرىدىغان قارا جاڭگالغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. بىز پەس كۆرگەن چوشقىنىڭ تېرىسىدىن پايدىلانغىلى، تۈكىدىن چوتكا ياسىغىلى بولىدۇ. بىراق، ھوشى بىلەن ئادەمدەك ياشىيالمايۋاتقان، كاللىسىنى پۇتىغا «يۈك» قىلىۋاتقان ئايرىم كىشىلەرنىڭ تۈكى بىلەن تېرىسىنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولار؟! دەرھەقىقەت، خۇددى ئەختەم ئۆمەر ئېيتقاندەك، ئۆز ئېغىلىنى تاپالمايدىغان پىشانىسى شور قوي گۆشىنى تولا يېگەنلىكىمىز سەۋەبىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر كاللا قېيىپ، تىلىمىز بىلەن دىلىمىزغا ئىگە بولالمايدىغان ھالغا چۈشتۇق.

ئېيتىلىشىچە، بۆرە ياندا،شقان قوتاندىكى قويلارغا كېسەل تەگمەيدىكەن. بىزنىڭ «قوتان» لىرىمىزغىمۇ بۆرە تېگىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدىمۇ - قانداق؟

## كۆڭۈل ئارخىپى



ئوسمان زاھىر
1973- يىلى 15- ماي قۇمۇل شەھىرى ئاستانە بازىرىنىڭ ئاستانە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1990- يىلىدىن 1995- يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ھازىرغا قەدەر ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىغا يېقىن تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.

قان تىپى: O؛ ئەڭ ئۆچ سىرتقى قىزىقىشى: يالغۇز خىيال سۈرۈش ياكى يۇمۇرلۇق ئىشلارنى كۆزىتىش؛ ئارتۇقچىلىقى: ۋاقىتقا رىئايە قىلىش؛ ئاجىزلىقى: ھالقىلىق پەيتتە تەۋرىنىش، كەسكىن قارار قىلالماسلىق، تارتىنچاقلىق؛ ئارزۇسى: ئۆزاقتا سوزۇلغان ئۆي كۆچۈشتىن قۇتۇلۇپ، مۇقىم بىر تۇرالغۇغا ئېرىشىش ۋە سادىق بىر قىزغا ئۆيلىنەلىشىش؛ ياخشى كۆرىدىغان ئەقلىيە سۆزى: «ئۆلۈپ جەسىدىڭ چىرىگەندىمۇ باشقىلار ئۇنتۇپ قالمىسۇن دېسەڭ، يا باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئەرزىگۈدەك كىتاب ياز ياكى باشقىلار كىتاب قىلىپ يازغۇدەك ئىشلارنى قىل (فرانكلىن)؛ جاھاندارچىلىق پرىنسىپى: ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ؛ قەلب سۆزى: ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچكىمنىڭ مۇكەممەللىك ئىزدەشكە ئاساسى بولمىسا كېرەك. 26 باھارنى ئۆزاتقان ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئاشۇ نۇقسانغا تولغان ئىنسانلار توپىدىكى بىر «ئاۋارىكەش» بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزەمنىڭ ئىنسانلىق، خىرەلىشىۋاتقان ۋىجدان ۋە ئېتىقاد ھەققىدىكى ھېسلىرىمنى ھەر خىل ئاۋازلاردا ئىپادىلەپ كەپتىمەن. ئاستا خاراكتېرلىق ۋۇجۇد، مۇھىت بۇزۇلۇش تۈپەيلىدىن خاتىرجەم ۋە بالىغا ئوخشاش غۇبارسىز، سەممىي كۆلۈپ باقمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ. ئۆزىمىز بەرپا قىلغان «ئىنسانلىق ئۆلچەم» لىرى ئەنە شۇ كۆلكىلەرنى قامال قىلىپ تۇرۇپتۇ. گاھىدا خاتىرەمدە 7 قوينىڭ كەينىدىن يۈگرەپ، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ سۈكۈتلۈك روھىدەك تىنىق ھەم سىرلىق جاڭگالدا يۈرگەن، ياتتاقلار ئاياغلارنى تىلغىغان، ئاچچىق، ئەمما شېرىن كارتىنىلار خىرە - شىرە زاھىر بولىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۆرۈمچىنىڭ گىرىم ۋە نىقابقا يۆگەلگەن نىمجان مۇھىتى ئەنە ئاشۇ خاتىرىلەرگە بىر قەۋەت چاڭ ھەدىيە قىلدى. 5 يىللىق خىزمەت ھاياتىم نارەسىدىدەك ساپ ھەم سىنىنەتسىز ئاتا - ئانىدىن تەۋەللۇت بولغان ۋۇجۇدۇمنى ساختىلىق، ئەقىدىسىزلىك، ئويلىنىش، تېڭىرقاش ... ئوچاقلىرىدا قىيناپ ئۆتتى. قايسىدۇر بىر ئەرنىڭ: «ئاھ خۇدا، ماڭا نېمىشقا بۇنچە كۆپ نەرسىنى بىلدۈرۈپ قويغانسەن» دېگىنى مېنى ئويغا سالىدۇ. بىر ئەقىل ئىگىسىدە رىئاللىققا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ۋە ئازابلىنىش تۇيغۇسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىنسانلىق ماركىسىدا ياشاش سالاھىيىتى بولمىسا كېرەك. چۈنكى، تراگېدىيە تۇيغۇسى بولمىغان مىللەت ۋە ئادەمنى تېخىمۇ چوڭ تراگېدىيە كۈتۈپ تۇرىدۇ. سەرەڭگە تېلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇچقۇنى قالغان تەقدىردىمۇ ئۇ بەربىر ئۆچمىگەن ھېساب بولىدۇ. دېمەك، ئۈمىد بار يەردە ئىنسان بار. بىرنى بىر دېيەلەيدىغان ئەركەكلەر ئازلاپ كېتىۋاتقان تەقدىردىمۇ، ئوتنى قايتا تۇتاشتۇرالايدىغان ئەركەك ھامان تۇغۇلىدۇ. ۋىجدانى بىلەن كۈلىدىغان، يىغلايدىغان، ھەممىمىزگە ئورتاق ئاۋازدا تۈۋلىيالايدىغان ئەقىدىلىك ئىنسانلار بارلىققا كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بۇ «قەلەم» لەرنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ.

«نەرقىمىز ۋە پەرقىمىز» ناملىق ماقالە رېئاللىقتىن ئىبارەت بۇ داشقازاندىن چاچرىغان بىر قەترە، خالاس!

## ئوشۇ ھېكمەتلىرىدىن

● ناۋادا، سەن سۆيۈشكە ياشاۋاتقان ئادەم بولساڭ، قانداقمۇ تەبىئىي ئۆلۈم مەيكۆرىسىگە يېتەلەيسەن؟

● ئۆلۈم - باشقىلارنىڭ ساڭا بولغان نۇقتىئىنەزەرى.

● ھەقىقىي ھاياتلىق سەپىرىدە ئۆزۈڭنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈسى سېنىڭ بىردىن بىر يېتەكچىڭدۇر.

● نەپرەتمۇ بىر خىل مۇھەببەت، بىرلا يېرى - ئۇ ئۈستۈۋەن تۇرىۋالىدۇ.

● ئۆزلۈك - ئەڭ چوڭ قامال، مەن بىلگەن بىردىن بىر تۈرمە

● ئۆزەڭنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە، ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە سېزىمىگە تايان. بۇ، سېنىڭ بىردىن - بىر ھەقىقى مەجبۇرىيىتىڭدۇر. ئاندىن شۇ بويىچە ئىش كۆر.

● سەن تۇغۇلۇشىڭدىنلا بىر توپ دەرەخ ئەمەس، بەلكى بىر دانە ئۇرۇق. ئۆزەڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلالايدىغان جايدا ئۆسۈشۈڭ كېرەك. ئېچىلىشىڭ - قانائەت ھاسىل قىلغىنىڭ ھەم پۈتكىنىڭدۇر. بۇ خىل ئېچىلىشنىڭ ھوقۇق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. پۇل بىلەنمۇ، سىياسىي بىلەنمۇ ھەم شۇنداق. ھالبۇكى، ئۇ سەن بىلەن مۇتلەق باغلىنىشلىق، ئۇ شەخسنىڭ ئىلگىرىلىشىدۇر. سەن ئۆز بەختىڭنى قۇتلۇقلىيالايدىغان ئادەم بولۇشۇڭ شەرت.



# دەپنە مۇراسىمى

(ھېكايە)

قەيسەر تۇرسۇن

ئاشۇ چاغدا قىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ چەكچەيگەن ياكى چەكچەيمىگەنلىكىنى، قانغا ئوخشاش قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرىنىڭ گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن ياكى تەمشەلمىگەنلىكىنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمايمەن. چۈنكى، ئۇ بۇنداق ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى ئاڭلاشقا خۇددى سەھەر تۇرۇپ يۈز يۇيۇشقا ئادەتلەنگەندەكلا ئادەتلىنىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ يۈرەك كېسەلى بارلىقىنى خۇددى بۇ يەردىكى كونا قەبرىستانلىقنى بىلگەندەكلا پىششىق بىلەتتى. شۇنداق، كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ قىزدىن ۋە ياكى ئاشۇ قىز توغرىلىق ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى ئاڭلىسا كۆڭلى يايراپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ پىششىق بىلەتتى.

ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا قىزنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا دىققەت قىلمىغىنى ئۈچۈن ھېلىغىچە پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ بەكلا تۇيۇقسىز ئېيتىلىپ كەتكەن سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

- بۇ سۆزنى مەن قىلدىممۇ؟ - ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى، - ئەگەر راستىنلا شۇ سۆزلەرنى قىلالىغان بولسام ۋە شۇ سۆز راستىنلا مېنىڭ تەقدىرىمنى بەلگىلىيەلىسە مەن ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىمەن. چۈنكى، مەن ئاللادەك قۇدرەتكە ئىگە بولۇش خىيالىدا بولۇپلا قالماستىن، ئاشۇ قىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ بىر نەچچە خىل شەھۋانىي ھالەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئەگەر بۇ سۆزنى مەن قىلمىغان بولسام، ئاشۇ قىز قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ كىيىملىرى، كېيىنىشى، سىرىق بويالغان چاچلىرىدىن تارتىپ قان ئىچكەندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگىچە، ھەتتا پۈتۈن بەدىنى ئۇنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ئەنسىرىمەي كەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تېخىچە جىمجىت قاراپ تۇرغىنىغا قارىغاندا بۇ سۆزنى ئۇ قىز قىلمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ بۇ سۆزنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ تاپالمىدى.

- بۇ سۆزنى ئاشپەز قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھېچ بولمىغاندا بىزنى ئاشخانىدا كۆرگەنلەرنىڭ بىرەرسى قىلغان. ئىشقىلىپ مېنى ساراسىمىگە سالىدىغان بۇ ۋەھىمىلىك سۆزنى تېخى باياتىنلا ئاڭلىغانلىقىم ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

بۇ خىل ساراسىمىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا چۆككەنسېرى، ئۇنىڭ مېڭىسى قۇيقۇرۇق بىر بوشلۇققا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر نەرسە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ قىز بىلەن بىر ئاشخانىدا، ھەتتا بىر ئورۇندۇقتا ناھايىتى يېقىن ئولتۇرۇپ تاماق يېگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم جەزملەشتۈرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەمما، بۇ خۇشاللىق ئەڭ ئۇزۇن

بولغاندىمۇ بىر نەچچە دەقىقىلا بولاتتى. بۇ خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ مېڭىسى گىس - تۈتەك بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. بۇ خۇشاللىق تولىمۇ قىسقا بولسىمۇ، ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا ئويلاپ باقمىغان بىر سوئالغا ئويلاپ باقمىغان يەردىن جاۋاب بېرىۋالغان ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىقنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم خۇشال بولۇپ باققان ئادەم ھېس قىلالاتتى. ئۇ ئىمتىھاندىن چىقىپلا كىتابنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ چىققانىدى. ئۇ كىتابنى شۇنچە تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپمۇ بۇنداق سوئالنى ياكى يېقىن كېلىدىغان بىرەر سوئالنى، ھەتتا بۇ سوئالدىكى بىرەر سۆزنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئەلۋەتتە، كىتابتا بولمىغان بۇ سوئالغا كىتابتىن جاۋاب تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ كىتابتىن زادىلا ھېچ نەرسە تاپالمايدىغانلىقىغا قانچە قېتىملاپ ئىشەنگەن بولسىمۇ، كىتابنىڭ ئىسمىدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرىدىكى باھاسىغىچە قالدۇرماي ئوقۇپ چىقتى. بىراق، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ ئېغىر زۇكام بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان سۇ كىتابنىڭ ھەر بىر بېتىنى ھۆل قىلىپ سۇدىن سۈزۈۋالغاندەك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆمرىدە شۇ چاغقىچە بىرەر كىتابنى ئۇنداق تەپسىلىي، ئۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆپ كىتاب ئوقۇغان، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭدىن داۋاملىق كىتاب سورايتتى. ئۇ كىتاب ئوقۇشقا زادىلا قىزىقمايدىغانلىقىنى شۇنچە چۈشەندۈرۈپمۇ ئۇلارنى ئىشەندۈرەلمەي، كىتاب تېپىپ بېرىش ئۈچۈن كىتابخانىلارغا باراتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ سورىغان كىتابلىرى كۆپ يىللار ئىلگىرى نەشر قىلىنغان كىتابلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپ كېلەتتى. ئاخىرى ئۇلار ئۇنى بەكلا ئىچى تار دەپ ئويلىشىدىغان ۋە كىتاب سورىمايدىغان بولدى. شۇ قېتىمكى ئىمتىھانغا يالغۇز ئۇلا تولۇق جاۋاب بېرەلمىگىنى ئۈچۈن قايتا ئىمتىھان بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەلەيسىز ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەنگەندىن كېيىن، ئاشخانىدا بىللە تاماق يېگەن ھېلىقى قىز بىلەن تونۇشۇشىنىڭمۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۈچىيىپ كېتىۋاتقان تونۇشۇش ھەۋىسىنى تولىمۇ تەستە بېسىۋالدى. ئەمما، ئاشخانىدا ئۇلارنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى يېڭى توي قىلغان بىر جۈپ ياش بولسا كېرەك، دەپ ئويلىشاتتى. ھەتتا ئاشپەزمۇ شۇنداق ئويلاپ ئۇنىڭدىن ئىككى كىشىلىك تاماق پۇلىنى تۆلىتىۋالدى. ئۇنىڭ قىز بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ كەتتى.

قىز ئۇنىڭ قولتۇقلاپ مېڭىشىنى كۈتۈپ بىر نەچچە قەدەملا ئالدىدا كېتىپ باراتتى ھەم ئۇنىڭ يېتىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قەدەملىرىنى بارغانسېرى ئاستىلاتتى. ئۇمۇ قىزغا يېتىشىۋېلىشتىن بەكلا ئەنسىرەۋاتاتتى.

— سىز ئۆيىڭىزگە بارمىغىلى قانچە كۈن بولدى؟

بۇ سوئال ئۇنىڭغا خۇددى سىزنىڭ ئاكىڭىز ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ؟ دېگەن سوئالدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ بۇ سوئالنىڭ ئۆزىگە قويۇلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ سوئالنى قىز ئۇنىڭدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ قىزدىن سوراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قىزغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن بالىمىزنى يالغۇز قويۇپ بىر نەچچە كۈن سىرتلاردا يۈرۈيدىغان مىجەزىڭىزنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام سىز بىلەن توي قىلمىغان، ھېچ بولمىغاندا بالا تۇغمىغان بولاتتىم، —دېدى قىز ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا. قىز يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېسىدە پەقەت «بالىمىز» ، «توي» دېگەن ئىككى سۆزلا قالغانىدى. «بالىمىز» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلغاندەك قىلسىمۇ، شۇنداقلا ئۇ تېخى توي قىلمىغان بولسىمۇ، قىزنىڭ «مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز» دېگەندەك مەنا بېرىدىغان سۆزلىرى ئۇنى يەنە بىر قېتىم ھاياجانلاندۇرىۋەتتى. ئالدىدىكى ناتونۇش، ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ قىزنىڭ ئۆز ئايالى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئىنكار قىلغۇسى كەلمىدى. قىز توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ئەمما، ئۇ قىزنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ بولالمىدى. ئۇ قىزغا گەپ قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئايالى يوقلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن گەپنى قانداق باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىيىن مەسىلە بولۇۋاتاتتى.

— بىز توي قىلمىغىلى 25 يىل بولدى.

ئۇ جۆيلۈگەندەكلا گەپ قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتى. قىزنىڭ گېپىمۇ قىلماي تىكىلىپ تۇرۇۋېرىشى ئۇنىڭ بىئاراملىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق غەيرى ئەھۋالنى كۆرۈپ باقمىغىنىم ئۈچۈن تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىۋاتىمەن. ھەيران بولۇۋاتقان ئادەم كاللىسىغا كەلگەن خىياللارنىڭ ھەممىسىنى ھەيرانلىق بويىچە چۈشۈنىدۇ. ئەمما، ۋاپاسىز ئەرنىڭ ھېلىگەر ئاياللاردىن يامان ئىكەنلىكى ھەيران قېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە بىر ئىش، — دېدى قىز.

ئۇ، قىز بۇ سۆزلەرنى مېنىڭ بىئاراملىقىمنى پەسەيتىش ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— بىز ئاجرىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرى مەن سىزنىڭ ئۆيگە كىرمەي قەيەردە يۈرگەنلىكىڭىزنى ئېنىقلىۋېلىشىم كېرەك. ھەتتا، بالىمىزنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان جىنايىتىڭىز ئۈچۈن تۈرمىگە قامىتىۋېتىمەن. ئىككى ياشلىق كىچىك بالا يەتتە كۈن ئۆيدە يالغۇز تاشلىنىپ قالسا

ئۆلمەيدۇ، دەپ ئويلىغان كاللىڭىز بىلەن يەنە نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب بېرىسىز.

بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان قىزنىڭ پۈتۈن بەدىنى غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، قىزدا ئازراقمۇ تەشۋىشلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن توختىماي سۆزلەۋاتقاندا تىترىگەنسېرى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. قىزنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن چاقچاق قىلىۋاتقاندەك، ئۇ ھېلىلا سۆزلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ خۇشاللىقىدىن ئۇنى قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ خىيالىدىكى بۇ ھەرىكەتلەر ئۇلارنىڭ توي قىلغان ئەر - خوتۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كونكرېت پاكىت بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى ئۇنى ئەندىشىگە سالاتتى. شۇنداقتىمۇ يۇقىرىقى خىياللىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى قىزغا كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلىدى.

- ياق، كۈلكە - تىرىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى، - ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ ئىلگىرى قىلغان بۇ سۆزىنى ئويلاپ كۈلۈمسىرەش نىيىتىدىن يېنىۋالدى. بىردىنلا قىزنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىنى، قىزنى قەيەرگە باشلاپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

- قەيەرگە بارىمىز؟

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قىزدىن شۇنداق سورىدى، لېكىن قىز كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى سوغۇق تەر باستى. ئۆزىنىڭ بۇ تار كوچىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان ئىككى كىچىك قىزدىن سوراپ باقماقچى بولدى.

- قەبرىستانلىقنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

ئىككى قىزچاق ئۇنىڭغا شۇنداق سوئال بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ كەينىگە يېنىپ چوڭ يولغا چىقتى. يولدا نۇرغۇن كىشىلەر بىر جىنازىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بەللىرىگە ئاق باغلاشقان بولسىمۇ ھېچكىم يىغا - زار قىلماي جىمجىت كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ يۈگرەپ توپ ئارىسىغا كىرىۋالغۇسى كەلدى. ئۇ كىمنىڭ مېيىتىنىڭ ئۇزىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش زۆرۈر، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، كىشىلەر توپى ئارىسىدا ھېلىقى قىز پەيدا بولدى. ئۇ يۈگرەپ قىزنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى.

- مەن سىزنى ئەمدىلا كۆردۈم، - دېدى ئۇ مەيۈسلەنگەن ھالدا. قىز گەپمۇ قىلماي ماڭماقچى بولدى. ئۇ قىزنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

كىشىلەر توپىنىڭ ئاخىرىدا كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئارقىغا قاراپ ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە يېنىدىكىلەرگە:

- بىر جۈپ يېڭى ئىندىئان كېلىۋاتىدۇ - دېدى.

قىز ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ تېز - تېز مېڭىپ كەتتى، ئۇ قىزغا ئەگەشتى. كىشىلەر ئۇلارغا پات - پات قاراپ قوياتتى. ئۇلار ئالدىدىكىلەرگە يېتىشىپ قالغاندا قىز پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

- بالامنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇ بۇنداق چوڭ جىنازىغا پاتمايدۇ. بالام، بالام، تاتلىق بالام، دادىسىنى بىلمىگەن بالام، ئانىسىنى كۆرمىگەن بالام ...

قىزنىڭ يىغىسىغا كىشىلەر پەرۋا قىلمىدى.

- ئۇ سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەس، كىچىك بالىنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرىدۇ، - دېدى ئۇ قىزنىڭ پېشىدىن تارتىپ. ئۇلارنىڭ تارتىشىشى بىلەن قىزنىڭ كېيىملىرى يىرتىلىپ كەتتى. قىز ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ يىغىسىنى داۋاملاشتۇردى.

- ... ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە، يەتتە كۈن ئاچ قالغان بالام ...

- گۈزىلىم، ئىشىنىڭ، ئۇ سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەس، مەنمۇ سىزنىڭ ئېرىڭىز ئەمەس، - ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

قىز ئۇنى يەنە بىر شاپىلاق سالدى.

- ئۇلارنى قوغلىۋېتەيلى، - دېيىشتى كىشىلەر، بىراق بەزىلەر قوشۇلمىدى.

- دەپنە مۇراسىمىغا ئايال كىشى قاتناشسا بولمايدۇ، - دېدى بىر كىشى قىزغا قاراپ ۋارقىراپ.

- ئۇنداقتا، ئاۋۇ ئەر قاتناشسۇن. ھەي، بۇياققا كەل،

- نەچچە ئادەم شۇنداق تۈۋلىدى.

ئۇ ئۇچقاندەك يۈگرىدى.

- ئۇنىمۇ قوغلىۋېتەيلى، ئۇنىڭ بۆكىمۇ بولمىسا، مەرھۇمنىڭ روھى قورۇنىدۇ، - دېدى ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇپ ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئۇلارغا قارىتىپ ئاتتى، لېكىن ئۇلار قايتىپ كەتمىدى. ھەتتا كولانغان يەرلىكنىڭ تۇپىسىمۇ بىر سىقىم، بىر سىقىمدىن ئېتىلىپ تۈگىدى. قايتىدىن يەرلىك كولاشقا توغرا كەلدى.

- بۇنداق تەسىرلىك دەپنە مۇراسىمىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، بۇ دەپنە مۇراسىمى بىزنىڭ تويىمىزدىنمۇ تەسىرلىك بولدى، كېلەركى قېتىملىق تويىمىزنى بۇنىڭدىنمۇ تەسىرلىك ئۆتكۈزەيلى، - دېدى ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

قىز ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، ئۇلار ھېلىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك قېنىشماي ۋىدالاشتى.

يەرلىك كولىنىپ بولدى، كىشىلەر مېيىتنى ئۇزىتىش دۇئالىرىنى قىلىشىپ جىنازىنى ئاچتى، جىنازىدا كېپەنلەنگەن بىر ئىتنىڭ جەسىدى سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىراق بۇ قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئۇلارنىڭ ۋىدالىشىشىنى، كىشىلەرنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى توسۇپ قالالمايدىغاندەك قىلاتتى.



# ئېلان

(فېلىيەتون)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

ئاممىۋي يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلىگۈچى رەھبەرلەرگە؛ ئۇنىۋان ئېلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە يازغۇچىلارغا؛ ئاممىۋي پائالىيەتلەردە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچىلارغا؛ دوختۇرخانا، ئائىلىلار بىرلەشمىسى، گېزىتخانا ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىغا قاتناشقۇچىلارغا؛ يازغان ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرالمىغان ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا؛ توي ۋە مۇسىبەت باشقۇرغۇچىلارغا؛ ھەر خىل ئۆزۋالچىلىقلارغا ئۇچراپ ئەرز قىلغۇچىلارغا؛ مەكتەپلەردە تاپشۇرۇق بېرىلگەن ماقالىلارنى يازالمىغان بالىلارغا: ھۆرمەت بىلەن ھەممىڭلارغا شۇنى رەسمىي ئېلان قىلماقچىمەنكى، بۈگۈندىن باشلاپ مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ ئاممىۋي كاتىپى، («ئاممىۋى كاتىپ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ھەرگىز گاڭگىراپ قالماڭلار ئۇمۇ خۇددى باشقا ئاممىۋي سورۇندىكى نەرسىلەرگە ئوخشاش كەڭ ئامما خالىغانچە پايدىلانسا بولىۋېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ). بۇ ئېلان ئارقىلىق، شۇنى ئەسكەرتىپ قويماقچىمەن: مەن ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە «قاچان بىرەرسى كېلىپ بىر نەرسە يازدۇرار؟» دەپ تەشنا بولۇپ كۈتۈپ تۇرىمەن. بەلكىم بۇ قۇرلارنى كۆرۈپ ئىچىڭلاردا «بۇمۇ پۇل تېپىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئېلان ئىكەنغۇ!» دەپ ئويلاۋاتقانسىلەر. چۈنكى پوچتىخانا ئالدىدىكى «يازغۇچىلار» كىشىلەر دەپ بەرگەن تەييار گەپنى كۆچۈرۈپ بېرىپلا ھەر ۋارىقى ئۈچۈن بىر نەچچە سومدىن ھەق ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىراق، مەن «يازغۇچى» بولماستىن، باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك بىر «ئاممىۋى كاتىپ»، سىلەر كاتىپىڭلارغا يېزىپ بەرگەن قول يازمىسى ئۈچۈن پۇل ئالغىنىنى نەدە كۆرگەن؟ شۇڭا خاتىرجەم بولۇڭلاركى، مەن ئىلگىرى يېزىپ بەرگەن نۇتۇق، ئىلمىي ماقالە، شېئىر، نەسر، باغاق، ئەرز ۋە ئىشلەپ بەرگەن تاپشۇرۇقلارغا ھەق ئالمىغانغا ئوخشاش، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز ھەق تەلەپ قىلمايمەن. چۈنكى، ماڭا ئىدارەم قەغەز ـ قەلەم، ئۈستەل ـ ئورۇندۇق دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى بىكارغا بېرىدۇ. يېزىش ماھارىتىمنى بىرەر مەكتەپ، ئىنستىتۇتتىن نەق پۇلغا سېتىۋالغىنىم يوق، بەلكى كىچىككىمدىن باشلاپ كۈندۈزى ھەقسىز قۇياش نۇرى ئاستىدا، كېچىلىرى ئاتا ـ ئانام ئۇخلاپ قالغاندا ئوغرىلىقچە ياققان چىراغ نۇرى ئاستىدا زېرىكمەي كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىكىمدىن يېتىلدۇرىۋالغانمەن.

ۋاقىت مەسىلىسىگە كەلسەك، گەرچە ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى تۈگەپ ساناقلىقلا كۈنلىرىم قالغان بولسىمۇ ھەم ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمنى ئىككىنچى قايتۇرىۋالغىلى بولمىسىمۇ، ئۇنى ئاللا ئىگەم ماڭا پۇلغا ساتمىغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن سىلەردىن پۇل ئالسام ئۈچىغا چىققان تاماخور، پىسخىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالمامدىمەن؟! ئالدىمغا قورۇنماي كېلىۋېرىڭلار. نۇتۇقنى سۆزلەشكە؛ ماقالىنى تاپشۇرۇشقا؛ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا؛ ئەسەرنى ئەۋەتىشكە؛ باغاقلارنى باستۇرۇشقا؛ بىرەر-يېرىم سائەت قالغاندا يادىڭلارغا يېتىپ دەرھال كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ (بۇنداق چاغلاردا ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەس مېنىڭ ئىشىم بولغىنى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ۋايىم

يېمىسەڭلارمۇ بولىدۇ) . بۇنىڭ بىرلا يامان تەرىپى، مەندىن ئىبارەت بۇ «ئاممۇۋى كاتىپ» نىڭ كاللىسى تېخى كۇنۇپكىلارنى بېسىپ قويسا، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى چىقىرىپ بېرەلەيدىغان كومپيۇتېر دەرىجىسىگە يېتىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە كېچىكىپ كەلسەڭلارمۇ ۋاقىتنى سوزۇپ ئۇزارتىش ماھارىتى بولمىغاچقا، بۇيرۇتماڭلار ئۆز ۋاقتىدا پۈتمەي قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئۆزەڭلارنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى ئەيىبلەپ يۈرمەي، «ئاممۇۋى كاتىپ» كاللىسىنىڭ گاللىغىنى قاغىساڭلار، ھەتتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى: ناۋادا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرلەردىكى بۇيرۇتماڭلار يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ سىلەرنىڭ ئېلىپ كېتىشكە ۋاقتىڭلا يەتمىسە مەن ئاپىرىپ بېرىمەن. سەھنىلەردە ئوقۇشقا ئوڭايسىزلىنىپ قالساڭلار ئورنۇڭلاردا ئوقۇپ بېرىمەن. «ئۇنداقتا، ئىسىم - فامىلە مەسىلىسى كېلىپ چىقامدۇ؟» دەپ ئەنسىرىسەڭلار، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان ئەسەرلىرىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپ، سىلەر بۇيرىغان نەرسىلەرنى ھەقسىز يېزىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئادەم ئەلۋەتتە ئۆز ئىسمىنى قويۇپ تۇرۇپ، سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنى ئىشلىتىشكە ماقۇل بولىدۇ.

ناۋادا، ئوقۇلغان شېئىر ياكى بېرىلگەن جاۋابقا نەق مەيداندا مۇكاپات بېرىلىپ قالسا، مېنى يادىڭلارغا كەلتۈرۈپ يۈرمەستىن خاتىرجەم ئېلىۋېرىڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارگىنالىنى مەن يېزىپ بەرگەن بىلەن سەھنىدە ئوقۇغان ئادەم سىلەر بولىسىلەر ئەمەسمۇ!

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى)

# ياسانچۇق كۈچۈك

(مەسەل)

**ئابدۇرېشىت ئۇسمان**

كۈچۈك ئۆزىنىڭ قاپقارا پارقىراق تۈكلىرى، يۇمشاق، ئۇزۇن قۇيرۇقى بولغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈنىدىكەن، ئەمما ئاشۇ كۆرۈمسىز ساڭگىلاق قۇلىقى ۋە يوغان بۇرنى ئېسىگە كەلسىلا ناھايىتى بىئارام بولىدىكەن.

بىر كۈنى كۈچۈك يولدا كېتىۋېتىپ دوستى خورازغا ئۇچراپ قاپتۇ. خوراز تەكەببۇرلۇق بىلەن كۈچۈكنى زاڭلىق قىلىپ:

- ھەي كۈچۈك، سەن خۇددى كۈسەيدەك قاپقارا ئىمىكەنسەن، سەن بۇ ئەپتىڭ بىلەن مەڭگۈ ماڭا ئوخشاش گۈزەل بولالمايسەن، - دەپتۇ. بۇ گەپلەر كۈچۈككە ھار كېلىپ، ھاكاۋۇر خورازغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇدۇل ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، ھەممە يېرىنى قىزىل، سېرىق ... رەڭلەر بىلەن بويىتىپتۇ. بىر ھازا ئەينەككە قاراپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتسا، دوستى مايمۇنچاق ئۇچراپ قاپتۇ. مايمۇنچاق ئۆزىنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتىنى ماختاپ:

- مېنىڭ بۇرنۇم بىلەن قۇلىقىم چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ماڭا خوپ ياراشقان، سېنىڭ بۇرنۇڭ بىلەن قۇلىقىڭ نېمانچە يوغان. سەن بەكلا سەت كۆرۈنىدىكەنسەن - دەپتۇ. كۈچۈك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بوپتۇ، - دە، يەنە ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسىغا بېرىپ بۇرنى بىلەن قۇلىقىنى شەكىل تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈچۈك ئۆزىنى دۇنيادىكى نۇقسانسىز گۈزەللەردىن بولدۇم، دەپ قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، ئۆزىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىپ كەچ كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتۇ.

ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئانا ئىت ۋە ئۇنىڭ باشقا كۈچۈكلىرى پۈتۈن بەدىنى ئالا-يېشىل، بۇرنى ۋە قۇلاقلىرى غەلىتىلا بىر نەرسىنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرگىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئانا ئىت قورققان ھالدا:

- سەن ... سەن زادى كىم؟ - دەپ سوراپتۇ.

كۈچۈك ئەركىلەپ تۇرۇپ:

- قەدىرلىك ئانا، مەن سېنىڭ ئامراق بالاڭغۇ؟! - دېگىنىچە ئانىسىغا سۈركەلمەكچى بولۇپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ.

ئەتىدىن - كەچكىچە دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۈنى پۈتۈپ قالغان كۈچۈكنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئانا ئىت تېخىمۇ قورقۇپ:

- ماڭا يېقىنلاشما، مېنىڭ نەدىمۇ سەندەك بالام بولسۇن، ئۆيدىن چىق، - دەپتۇ.

شۇنچە يېلىنىپ-يالۋۇرۇپمۇ ئۆز ئۆيىگە كىرەلمىگەن كۈچۈك ئۆيىدىن شۇ چىقىپ كەتكىنىچە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: «تارىم غۇنچىلىرى» تەھرىر بۆلۈمى)

# يىغلىش

(ھېكايە)

گۈلجەننەت ئەسئەت

بىزنىڭ مەھەللىدە بىر غەلىتە ئادەم بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنى «سەمەت سارالڭ» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ غەلىتىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغان، ئىچ ئاغرىتقان كىشىلەرگە، قىسقىسى ھەممە كىشىگە ئۆچلۈك قىلاتتى. ھېچكىمنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن، ئېغىزىنى بۇزۇپ سەت، بولمىغۇر گەپلەر بىلەن تىللاشلىرىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ يېنىغىمۇ بارمايتتى ھەم باشقىلارغا ئۇنى تىللىماسلىق، ئۇرماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى. بەزىلەر ئۇنى «جىنى بار» دەپ قارىشاتتى. باللار، بولۇپمۇ بىز قىزلار ئۇنى كۆرسەكلا بەدەر قاچاتتۇق. بەزىدە ئۇ كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ بىزنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا كەينىمىزدىن قوغلايتتى.

ئەمما مەن كىچىكىمدىنلا مۇستەقىل، ئۆزگىچە خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەچكە، ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىمنى يۈرەكلىك ھالدا ئىپادىلەشنى ئارزۇ قىلاتتىم («جىنى بار» دېگەندەك گەپلەرگە قەتئىي ئىشەنمەيتتىم). ئۆزەمنى ھامان روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە ئۇنىڭدىن خېلىلا ئۈستۈن چاغلايتتىم - يۇ، يەنە بىر خىل ئەندىشە، قورقۇنچ كۆڭلۈمنى ئارامىدا قويماي جۈرئىتىمنى سۇسلاشتۇراتتى.

كېيىن يۇرتىمىزدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ شەھەردىكى بىر ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇشقا كەتتىم. شۇندىن ئېتىبارەن تۇرمۇشقا رەسمىي قەدەم تاشلىدىم. ئاشۇ قىممەتلىك ئۈچ يىللىق ھاياتىمدا تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ ئەڭ نازۇك مۇساپىسى - مۇھەببەت سەپىرىگىمۇ قەدەم تاشلىدىم. بىر - بىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشەتتۇق. ھۆرمەتلىشەتتۇق. ئەپسۇس، كۆز تەگكەندەكلا بىر ئىش بولدى. ئۇ قاتناش ھادىسىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. ياشلىق گۈلى سولدى، قۇرىدى. بۇ ئىش ماڭا بەكلا ئېغىر، دەھشەتلىك زەربە بولدى. ئۇ قارا تۇپراق قوينىغا كىرگەن شۇ كۈنى خۇددى يۈرىكىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆمۈلگەندەك، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا كەتكەندەك بولۇپ قالدى. قەلبىم ئېغىر ئازاب قوينىدا پۇچلىناتتى. بىراق، كۆزۈمدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمايتتى. دوستلىرىم مېنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلدى، دەپ قاراشتى. مەن راستىنلا روھىي جەھەتتىن ئۆلگەندەك قىلاتتىم. مەن ئۆلۈشنى ئەسلا خالىمايتتىم. لېكىن يەنىلا ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيۈمدىن چىقماي يۈرەتتىم. رېئاللىققا يۈزلىنىپ شاد - خورام ياشاشنى ئىزدىسەممۇ بېشىمغا كەلگەن بۇ قىسمەت ئۇنىڭغا يول قويمايتتى. ئۆزەمنى باشقىلار ئالدىدا بەكمۇ بىچارە ھېس قىلاتتىم.

بىر كۈنى ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ دەۋىتى بويىچە ھاۋا يەپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم. تونۇقسىز ئالدى تەرەپتىن قىزلارنىڭ قىيا - چىيالىرى ئاڭلاندى. ئىسلىدە «سەمەت سارالڭ» ھېلىقى قىزلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ قورقۇتۇۋاتقان



ئىكەن. نېمىلا بولمىسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئازراق قورقاتتىم. ئەمما، شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر ئۆزەمنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ ئىچىمنى بوشۇتۇۋالغۇم كېلىپ قالدى. شۇ ئىسنادا ھېلىقى قىزلار يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. ئارقىدىنلا «سەمەت سارالڭ» كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭمۇ ئاشۇ قىزلارغا قوشۇلۇپ قېچىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن غەيرى بىر خىل كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولۇمنى ئۇزاتتىم، ئۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بايىقى ياۋۇزلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مەن قورقۇنچۇمنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا دوست بولۇش تەكلىپىنى بەردىم.

ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئۇ:

- مەن سەندىن قورقىمەن - دېدى - دە، چۈشىنىكسىز ھىجايغىنىچە ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتتى.

بۇ قېتىم ھەيران قالغىنى مەن بولدۇم.

ئاشۇ سارالڭ مېنى ئەخمەق قىلىۋاتقاندەك، ئەخمەق قىلغاندەك تۇيۇلدى. خىجىللىق يۈرىكىمدىن يۈزۈمگە تەپچىپ چىقتى.

ئەمەلىيەتتە، مەن بىز «ئىبرۇيىسىدىن ئاداشقان» دەپ قاراپ كېلىۋاتقان ئاشۇ «سارالڭ» چىلىكمۇ تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولالمىغانىدىم.



## كۆكگۈل ئارخىپى

گۈلجەننەت ئەسئەت 1979ـ يىلى 8ـ ئايدا قۇمۇل شەھىرىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1996ـ يىلى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ قۇمۇل شەھىرى يۇقىرى ئاقيەر باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ.

قان تىپى: B ، قىزىقىشى: ئەدەبىيات، ئالاھىدىلىكى: ئۇچۇق - يورۇق، ئاجىزلىقى: ئالدىراڭغۇ، جاھاندارچىلىق پرىنسىپى: ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىدۇ. ياخشى كۆرىدىغان ھېكمەتلىك سۆزى: «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» .

قەلب سۆزى: ھاياتلىق سەپىرىمدە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرۇشنى، ئەمما شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە ئۇسۇل - چارىلەرگە باي بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن باغنىمۇ، تاغنىمۇ، چۆللەرنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ھەممىسى ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىك ۋە پۇراققا ئىگە.

# تۇرمۇش ھەققىدە تەرمىلەر

ئىلياس ھىمىت

▲ جەمئىيەت بۇ ئالەمدىكى ئەڭ ئالىي ئالىي مەكتەپتۇر. ھەممىمىز بۇ مەكتەپنىڭ مەڭگۈلۈك ئوقۇغۇچىلىرى. تۇرمۇش بۇ مەكتەپنىڭ داڭلىق «پروفېسسورى» ۋە «مۇدىرى» دۇر. سەن بۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇساڭ، بۇ قېرى «پروفېسسور» ساڭا خوش چىراي مۇئامىلە قىلىدۇ، ناۋادا ئۇنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىدىن ئۆتەلمەي لاياقەتسىز بولىدىكەنسەن، كۆرىدىغىنىڭ ئۇنىڭ قار-يامغۇرلۇق سۈرۈن تەلەتى بولىدۇ، خالاس.

▲ تۇرمۇش يېڭى كېلىننىڭ قېرى قېيىنئانىسى. ئۇ كېلىننى بەزىدە ماختاپ ئەركىلىتىپ قويسا، بەزىدە ئۆزىچىلا غۇدىراپ، تەتۈر قارىۋالىدۇ.

▲ تۇرمۇش ـ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇ بەزىدە ئەقلىدىن ئېزىپ شىركەت خىزمەتچىلىرى، شىركەت مەسئۇللىرىنى خاتا تاللاپ، شىركەت پايدىسىنىمۇ خاتا تەقسىم قىلىپ قويىدىغان خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ.

▲ تۇرمۇش ـ ئويغانغانلارنىڭ كۆرەش مەيدانى، شۈنداقلا غەلىبە مېۋىسىنى تەبرىكلەيدىغان چوڭ سەيلىگاھى. ئەكسىچە، تۇرمۇش ـ بىخوتلارنىڭ مەڭگۈلۈك قەبرىگاھى.

▲ تۇرمۇش ـ يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بىردىن بىر ئۆگەي ئانىسى، خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە كەمپىت بېرىدۇ، بولمىسا تەنقىد.

▲ تۇرمۇش ـ ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك يېتەكچىسى ھەم ئۇستازى.

▲ تۇرمۇش ـ گۈزەللىك ۋە رەزىللىككە ھامىلدار بولغان ئانا گۈزەللىك ۋە رەزىللىك بولسا، بۇ ئانىدىن تۇغۇلغان قوش كېزەكلەر. بۇ قوش كېزەكلەرنىڭ ئانىسى يەنىلا ئاشۇ ئىنسانلار.

▲ تۇرمۇش ـ تۇز سېلىنمىغان بىر قاچا شورپا، تۇزسىز ئىچسەڭ بەتتام، تۇزنى كۆپ سېلىۋەتسەڭ قىرتاق، تۇز سېلىش ھوقۇقى سېنىڭ قولۇڭدا بولغان ئەھۋالدا ئۇنى قانداق ئىچىش پۈتۈنلەي ئۆزەڭگە باغلىق.

# ئامېرىكىدا «تېلېۋىزورغا قارشى ھەرىكىتى» قوزغالدى

ئامېرىكىدىكى تېلېۋىزورغا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتى 1998ـ يىلى 4ـ ئايدا، 4ـ يىللىق «بىر ھەپتە تېلېۋىزور كۆرمەسلىك» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ تەشكىلات 4 يىلدىن بۇيان يىلدا بىر قېتىم تېلېۋىزوردىن كۆز ئۈزۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ـ كىشىلەرنى ئۆزلىكىدىن تېلېۋىزور كۆرىدىغان ۋاقىتنى ئازايتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تېخىمۇ مول، ساغلام، كۆپ مەنبەلىك ئائىلىۋى تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت.

1996ـ يىلدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكىلىقلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 4 سائەت تېلېۋىزور كۆرىدىكەن. 72 ياشقىچە ياشىغان ئادەمنىڭ تېلېۋىزور كۆرگەن ۋاقتى 11 يىل بولىدىكەن.

كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئائىلىلەر «تېلېۋىزورغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە بەس - بەستە قاتنىشىۋېتىپتۇ.




كېتىۋاتىمەن، قەدەملىرىم شۇ قەدەر ئېغىر، ھالسىز ئىدىكى، شۇنچە يىللار ماڭغانداك قىلسامۇ يولۇم ئاينىمىغان، ئەتراپىمدا يەنىلا مۇشۇ مەنزىرىلەر: قورشاۋ تام، قاخشال دەرەخلەر ... كۆزلىرىمگە يەنە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. كېتىۋاتىمەن، ماشىقاقلىرىمغا جىمى ئالەمنىڭ يۈكى چاپلىشىۋالغاندەك قىينىلىپ ـ زورۇقۇپ مېڭىۋاتىمەن. كۆڭۈل كۆزۈم مەنزىل جۇلاسىغا تىكىلگەن. مۇشتۇمچىلىك يۈرىكىمگە قارا ئۆتمۇشنىڭ قىڭغىر ـ قىيسىق سىزىقلىرى، ھازىرقى تۇيغۇلىرىمنىڭ نازۇك سىرلىرى، مەنزىلىمنىڭ يارقىن قىرلىرى كەشتە بولۇپ چېكىلگەن. يۈرىكىم چۈشىنىكسىز خەرىتىگىلا ئوخشاپ قالدى.

كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشتۈم. يىقىلىش ماڭا دائىملىق قىسمەت بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ لېۋىمنى چىشلەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. لېۋىمنى قاتتىق چىشلىۋەتكەن بولسام كېرەك، لەۋلىرىمدىن قان تامغىلى تۇردى. لېكىن، ئاغرىق سەزمىدىم. چۈنكى مەن ئاغرىققا، ئازابقا كۆنۈك. كېتىۋېتىپ بىر ئازگالغا دۇچ كەلدىم. ئازگالدىكى ئادەملەر ماڭا تونۇشتەكلا بىلىندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسەبىيلەرچە كۈلۈشەتتى، بەزىلىرى يىغلايتتى، يەنە بەزىلىرى بىر ـ بىرلىرىنى يۇلىشەتتى، دەردلىرىنى تۆكۈشەتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا بىر ـ بىرىنى تىغلىشاتتى، يۈرەكلىرىنى تىلغىشاتتى ... سىنچى كۆزۈم چارەك ئەسىر ئۆمرى ئەمدىلەتتىن پۈتكەن بىر قىزغا چۈشتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن نالە-پەرياد قىيانلىرى يامرايتتى. «ئانا، قېنى سەن ئانا؟! جەبرائىل مېنى بۇ ئازگالغا چاقىرىۋاتىدۇ. مەن قانداق قىلاي؟ ئۇ جاي قانداقراقكەن، مېنى سىغدۇرالارمۇ؟ ئۇ يەردىمۇ ‹تەقدىر› بارمىكەن؟ ناۋادا، ئۇ مەخلۇق بولسا ھەرگىز بارمايمەن، باشقا يەرگە كېتىمەن. مەن رەزىل ئادەملەردىن جاق تويدۇم. شۇڭا ئادەملىك گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان ھايا ـ ساخاۋەت، مېھىر ـ مۇھەببەت جۇلالىنىپ تۇرىدىغان پاكىزە بىر دۇنياغا كېتىمەن. ئانا، ئاشۇ ناتونۇش دۇنيانىڭ ئورنىنى، ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرەلەرسەنمۇ؟».

ئەپسۇس، خېلىغىچە قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئىدالىرىمنىڭ ئەكس ساداسىنى كۈتكەن بولسامۇ، ئازگالنىڭ ئەنسىز شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم. ئانامنىڭ ئاۋازى پۈتۈنلەي كەتمىدىمۇ؟ زوۋانى ئۆچكەنمىدۇ؟ «ھەي لەنىتى ئازگاللىقلار، سىلەر ئانامغا ئاراملىق بەرمەيسىلەر-دە».

تېخى سەھەردىلا ياغقان ئاپئاق قاردەك بىغۇبار قەلبىم كەچمىش تۇمانلىرى، رېئاللىق گۇمانلىرى دەستىدە مىڭ يىللىق تۇرخۇندەك ئىسلىشىپ كەتكەن، ۋۇجۇدۇمدا يېلىنجاپ كۆيگەن ئوتنىڭ ھۆلىمۇ سۇسلاشتى، يۈرىكىم چۈچۈلىغىلا ئوخشاپ قالدى. ئوچاق بېشىدىكى كىم بولغىيدى؟! ئانامۇ، دادامۇ ياكى جەبرائىلمۇ؟ بۇنى ئاڭقىرالمىدىم. كۆزۈم تېخىمۇ خىرەلەشتى. ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىممۇ ئىسقا ئايلىنىپ ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاھ، تەڭرىم مېنى ئوچاق تۈۋىگە ئاپىرىپ قويساڭچۇ! ئانامنىڭ ئوتۇن ـ ئۇۋاقلىرى تۈگەپ قالغانمىدۇ؟ راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا، يۈرىكىمدىكى مېھىر ـ مۇھەببىتىم بىلەن ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتاي، پەرىشتىگە ئايلىنىپ تۇرخۇندىن ئەرشكە چىقىپ كەتسەممۇ ئەجەب ئەمەس...

كېتىۋاتىمەن، ئوچاقنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. لېكىن، پۇتلىرىم يەنىلا ئېغىر، ھالسىز. ئەتراپىمدا يەنىلا شۇ قەدىمىي مەنزىرىلەر ... ئەتراپىمغا، ئالدىمغا بىچارىلەرچە نەزەر تاشلىدىم. ئۆپچۆرەمدىكى مەۋجۇداتلار ماڭا مەندىنمۇ بىچارە تەرىزدە مۆڭگىلىنىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىۋىدى، ئەندىكىپ كەتتىم. بىر ھازادىن كېيىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدىم. كېيىن نېمە مالامەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم. ئارىدىن قانچە يىل ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم. ئەسلىدە مەن ئۆلۈپ تىرىلگەن ئىكەنمەن، ئەتراپىمدىكى مەنزىرىلەردىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. ئوچاقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمچە ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم. كېتىۋاتىمەن، رېئاللىقتىن قېچىۋاتىمەن، تەقدىرىم، ئەمدى ماڭا ئازگالنى دۇچ قىلمىغايسەن، ئوچاق تۈۋىگە يېتىۋالاي ...

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى يۇقىرى ئاقيەر باشلانغۇچ مەكتەپ)

# قاۋاننىڭ كاتىپى

(مەسەل)

ئابلىز ھەسەن

قاۋان شىر پادىشاھ تەرىپىدىن ئورمانلىقنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا جايلاشقان كىچىك بىر يايلاققا يەرلىك ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ. بۇ يەردە ئاسىمىن ئوتخۇر ھايۋانلار بىلەن قۇشلار ياشايدىكەن. يايلاقنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئوت-چۆپلىرى مول بولغاچقا، جان-جانۋارلار باياشات، ئۆم-ئىناق ئۆتىدىكەن. ئۇلارغا ئۇزۇن يىل «باش» بولغان تۈگىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا، يايلاقنىڭ قاۋانغا مەنسۇپ بولۇپ كېتىشى، بۇ ئورۇننى تاما قىلىپ يۈرگەن تۈلكىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئىككى ئۆردەكنى بوغۇزلاپ، قاۋاننى ئالاھىتەن «يوقلاپ» بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىرىنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئاچ-توق ئۆتكۈزىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاچقا، ئۇنىڭغا «ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقى» نى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرەر كاتىپ بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئەسكەرتىپتۇ. تۇنجى قېتىمدىلا تۈلكىدىن قاتتىق خۇرسەن بولۇپ تۇرغان قاۋان بۇ ئەقىلنى قالتىس توغرا تېپىپتۇ. بىراق:

— بۇ يەردە مېنى ساڭا ئوخشاش چۈشىنىدىغان، ھالىمغا يېتىدىغان ھېچكىم يوق — دەپ ئېغىر خۇرسىنىپتۇ.

— جانابلىرى، بۇنىڭدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، — تۈلكە ئاستا كېلىپ قاۋاننىڭ قۇلىقىغا بىر ھازا پىچىرلاپتۇ. كېيىن ئىككىسى مەمنۇنىيەت بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتىشىپتۇ.

تۈلكە شۇ كۈنىلا يايلاقتىكى ھايۋانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا: «قاۋان پلت يېقىندا ئۆزىگە كاتىپ تاللىماقچى ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام ئۇ قۇشلارغا بەكرەك ئامراقمىش. شۇنچە كۆپ ھايۋانلار تۇرسا، ئەمدى قۇشلار ھوقۇق تۇتۇپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟» دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. ئاندىن كەچقۇرۇن قۇشلارنى يىغىۋېلىپ ئۇلارغىمۇ: «قاۋان ئۆزىگە كاتىپ تاللىماقچىكەن. بىر نەچچە نامزاتمۇ بېكىتىپ قويۇپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە قۇشلاردىن بىرىمۇ يوق ئىكەن. يايلاقتا قۇشلارمۇ كۆپ تۇرسا، ھوقۇق ھايۋانلارغىلا ئۆتۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ!؟» دەپ بىر مۇنچە قايناپ، ئۇلارنى كۈشكۈرتۈپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى قاۋان يايلاقتىكى ھەممە جان - جانۋارنى يىغىپ ئۆزىنىڭ بىر كاتىپ تاللاش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەستە كۈچلۈك غۇلغۇلا كۆتىرىلىپتۇ. قاۋان سايلام ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا

---



## كۆڭۈل ئارخىپى

ئىبادەتگۈل ئىسمائىل 1979 - يىلى قۇمۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1998- يىلى شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن.

قان تىپى: O، ئارتۇقچىلىقى: چىقىشقاق، مۇلايىم؛ ئاجىزلىقى: ئەگرى - توقايلىقتىن قورقىدۇ؛ ئارزۇسى: نادىر ئەسەر يېزىش؛ ياخشى كۆرىدىغان ھېكمەتلىك سۆزى: «غايىسىز ئادەم ئەڭ بىچارىدۇر» (تۇرگىنېۋ).

جاھاندارچىلىق پرىنسىپى: تەشەببۇسكار بولۇش؛

قەلب سۆزى: كىچىككىنە قەلبىمنى تولىمۇ ساپ، گۈزەل ئارمانلار تىنىمسىز كېزىپ يۈرىدۇ. قەلبىم توختاۋسىز كېڭەيمەكتە، ئىچىمدە يېزىشقا تېگىشلىك «ئەسەر» لىرىم بەكلا كۆپ، قەلەم قۇۋۋىتىم ئاجىز بولغاچقا ئىچىمنى بوشىتالماي ئارمان ئوچاقلىرىدا پۇچىلىنىپ يۈرەرمەنمۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ قەلبىمنى كىتابخانلار قەلبىگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىرادەمنى ئارمانلار مەنزىلىگە يورغىلاتتىم. يېقىنقىسى مېنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىمنىڭ بىرسى بولغاچقا، سۆيۈملۈك كىتابخانلارنىڭ ئۆز قارىشىنى ئەگرى - توقاي ئەمەس، بەلكى ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجادىيەت سېپىمدە بىخ سۈرىۋاتقان مەندەك بىر يېڭى نوتىغا سەممىي مەسلىھەت بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن.

قويغانىكەن، جان-جانىۋارلار تەبئىيلا ئىككىسى بۆلەككە ئايرىلىپ قاپتۇ ۋە ھەممىسى ئۆز ئالدىغا سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. قاۋان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مايمۇننىڭ ئايىقى يېنىك، زېرەك ھەم ئەپچىل ئىشلەيدۇ. ئۇنى سايلىساق قانداق؟ — دەپتىكەن، قۇشلاردىن بىرى دەرھاللا:

— مايمۇن بەك ئالدىراقسان، قورقۇنچاق، ئۇنى كاتىپ قىلساق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشى تۇرغانلا گەپ. بولمايدۇ، ئۇ پەقەتلا بولمايدۇ، — دەپتۇ. قاۋان كەينىدىنلا:

— ئەمسە توزنى سايلايلى. ئۇ قۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق نامزات، — دەپتۇ. گەپ تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۆچكە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇ بەك تەكەببۇر، ياسانچۇق، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قاۋان كەينى-كەينىدىن بىر نەچچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان بولسىمۇ كۆپچىلىك پەقەتلا بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. ئاخىرىدا قاۋان: «ئەمسە تۈگىنىڭ ئوغلى كاتىپ بولسۇن» دەپتىكەن. تۈلكە دەرھاللا: «ئىلگىرىكى باشلىقنىڭ بالىسى ئەمەلدار بولسا تەسىرى تازا ياخشى بولمايدۇ» دەپ تۇرىۋاپتۇ. نەتىجىدە، ھېچكىم ھېچكىمنى قوللىماي ئورۇنسىز دە تالاشلار كۆپىيىپ ھەممىسى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ بىر مەيدان كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىپتۇ، ئارىدىن بىرى ئالدىغا چىقىپ قاۋانغا:

— بىز بىرلىككە كېلەلمىدۇق. ئەمدى بىزنىڭ ئارىمىزدىن بولمىغان يات بىرەيلەننى تەكلىپ قىلىپ كاتىپ قىلساق قانداق — دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاۋان كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ:

— مەن ئىختىيارىڭلارغا تاپشۇرغان ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىيالمىدىڭلار. ئۆزەڭلارنىڭ ئاخىرقى پىكرى بويىچە مەن شۇنى جاكارلايمەن: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بولمىغان تۈلكە ماڭا كاتىپ بولىدۇ — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قويغاندەك پۈتۈن مەيدان تىمتاسلىققا چۆكۈپ، ھەممەيلەن بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە شۈكلەپ قاپتۇ. ئېغىر خۇرسىنىشلار ئىچىدىن قاۋان تۈلكىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپتۇ. تۈلكە بولسا «ئەخمەق، كالۋالار! قانداق خىزمەت ئىشلەيدىغانلىقىمنى كۆرىدۇ تېخى» دەپ ئويلىغىنىچە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا كېرىلىپ تۇرۇپتۇ.

**(ئاپتور: غەربىي تاغ يېزا قوشتىكەن ئېچىش رايونى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)**

## كۆڭۈل ئارخىپى



ئابلىز ھەسەن 1976- يىلى 27- ئۆكتەبىردە قۇمۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1999- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىل-مەدەنىيەت فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن.

قان تىپى: O؛ مىجەزى: «تەرسا»، «قوپال»؛ ئارتۇقچىلىقى: ئۇيغۇر تىلىنى راۋان، ئوبرازلىق ئىشلىتەلەيدۇ؛ ئاجىزلىقى: ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تۆۋەن؛ قىزىقىشى: ئالدىدا تۇرغان سىزنىڭ نېمە ئويدا بولۇۋاتقانلىقىڭىز؛ ئارزۇسى: ئەتە ئەتىگەندە ئۆزىنى زىيارەت قىلىشقا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىكى يېڭىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان كىتابىغا ئىمزا قويۇپ بېرىش؛ جاھاندارچىلىق پرىنسىپى: سوغۇق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ.

ياقتۇرىدىغان ئەقلىيە سۆزى: «نوقسانسىز دوست ئىزدىسەڭ، يالغۇز قالىسەن؛ قەلب سۆزى: تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش، بۇ دۇنيادا ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن ئورتاق ھەم باراۋەر بىر ھادىسە. ئەمما، ئىككىنىڭ ئارىسىدا دۇنيانى بەرپا قىلىش ھەر ئادەمنىڭ دېتىغا باغلىق. بىراۋ: «ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش - داڭلىق جايلارنى، گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى يول بويىدىكى كىچىككىنە، ئاددىي ئوت-چۆپلەردىن بەھرىلىنىشنى بىلىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ»، دەپ ئېيتقانىكەن. ئەتراپىمىزدا سۈكۈتكە ئورالغان ئاددىي كۆرۈنۈشلۈك، ئەمما ۋولقان تەبىئەتلىك شەيئى ۋە ھادىسىلەر خىلۋەت ئورماندىكى يىگانە بۇلاقتەك ئۈنسىز بۇلدۇقلاپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئاياغ تىۋىشىنى كۈتمەكتە ...

ئادەم يىگانىلىق، بۇرۇختۇملۇق، گاڭگىراش، بەختسىزلىكلەر ئارىسىدىمۇ گۈزەللىك ئىزدەشنى ۋە ئۇنىڭدىن تەسەللىي تېپىشنى بىلىشى كېرەك. بۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەدىرلىش جۈملىسىدىندۇر.

مەن ئەزىز خەلقىمگە بولغان ھۆرمىتىم، مۇھەببىتىمنى ئانا تىلىمدىن تامغان دۇردانىلەر ئارقىلىق روياپقا كەلگەن كۆڭۈل چەشمىلىرىم بىلەن ئىپادىلەپ ئۇلارنىڭ ئاز-تولا تەشنالىقىنى قاندۇرالىسام، ئۆز مەۋجۇتلۇقىمدىن سۆيۈنۈشكە ھەقلىق بولاتتىم. ئوقۇرمەنلىرىم - دىلخانەمنىڭ ئەزىز مېھمىنى. مەن قەلب قەسرىمنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇلارنى ئۆزەم بىنا قىلغان دۇنياغا باشلاپ كىرىشنى تولىمۇ ئارزۇلايمەن. چۈنكى، باھاردىكى ئەگىز سۆيىدەك توختاۋسىز ئېقىپ تۇرىدىغان ئىلھامنى ماڭا خەلقىم بېرىدۇ.

# نەسرلەر

نىياز قاھار

## سېنى چاقىردىم بۇ كېچە

ئاي تۇغۇلغان تۈن نىسبى، سەن كەتتىڭ شەپسىز، مۇڭلانغان كەيىم پاكلىنىش ئۈچۈن يامغۇر سۈيىدە يۇيۇندى. تۆت تامدىن ئازابلىق كۈلكىلەر سىرغىپ چۈشمەكتە. ھىجرانكار سۈكۈت پەرھاتنى چۈشەكىدى، سەھەردە تاھىرنى تىسەۋۋۇر قىلدى.

دەرەخ شاخلىرىدا سەن قالدۇرۇپ كەتكەن ناخشا قايتا ياڭرىماقتا. سەن ئۈچۈن سەجدە قىلدىم. نىچۈن كەتتىڭ ئەي نىگار؟ زېمىننىڭ ھەر بىر تىنىقلىرىدىن سېنى سورايمەن. بەختىنىڭ يۈزىگە قامچا ئۇرۇش پەقەت ساڭىلا مەنسۇپ، ھەقىقەتنىڭ ئىككىنچى يۈزىدە ئېغىر يۈكنى يۈدىگەن ئاشىق تەخىرسىز زۇلۇمىڭدا پارچىلانماقتا.

ئەي سۆيگۈ لېۋىدىن ساداسىز كەتكەن جانان! كۆزۈمدە ئارمانسىز سوئال، غايىپ بولدۇڭ سېھىرىگەردەك بۇ تۈننىڭ نىسبىدە نېمىشقا، سەلتەنەتلىك جەننەتنىڭ ھوزۇرىدا مەن شاھزادىنى غەمگە مۇپتىلا قىلىپ؟

ئىھ شاھزادە، چۆچەكىڭنى داۋام ئەت. يۈز مىڭ كېچە بولسىمۇ ئۇنى كۈتۈشكە بار تاقىتىم!

## كېچىكىش

مەنىسىدىن قالغان ئىمارەتلەر يۇگرەيمەن، ئىنسانلىقنى سېتىپ بىر تىيىنلىك سەدىقە ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغان تىلەمچى تۇيۇقسىز چاپىنىمنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلدى، ئەندىكىپ كەتتىم. يۈزۈمنى تىلغىغىنى سوغۇقنىڭ نەشتىرى ئەمەس، يۈرەكنى يارغان ئادەمسىزلىك خەنجىرى، ھەممىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ چىقتىم. باشسىز بىر گەۋدىنى تۇتۇپ مەھكەم باغرىمغا باستىم، سەن مېنىڭ قېرىندىشىم ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ مېنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇنى ئەسلا كۆرمىگەن. «سېنى شەھەر يەپ كېتىپتۇ!» ئۇ ئاستا-ئاستا قۇچىقىمدا غايىپ بولدى. يۈرىكىمنى قاماللاپ چىڭ تۇتۇپ تۇردۇم. بېلەت ئېلىش كېرەك. دەستە - دەستە پۇللارنى بېلەت ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا تىزدىم. يۈرىكىم قولۇمدا، مېنى نىس باستى. ئاپتوبۇسنىڭ چاقىدا ئېچىنىشلىق چىقىراپ ۋاقىت ئۆتمەكتە. مېنى يىغا تۇتتى. ئىسكىرىپكىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئاپتوبۇس ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرمەكتە. كابىنكىنىڭ ئىچىدە رولغا ئېسىلىپ قالغان باشسىز موزدا بىر نۇقتىغا چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالغان. تىقما - تىقما گەۋدىلەر توپى قىپقىزىل يۈرەكلىرىنى تەڭلەپ بەس-بەستە بېلەت سېتىۋالماقتا.

## دېھقان ئاتا

ئەي تاغ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن ئىنسان، چېھرىڭدە جىلۋىلىنەر ئۆمۈر داستانىنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى، قولۇڭدا ئۇنلەر ھاياتلىق چوقانى، نان بولۇپ ئايلاندى ئاستىڭدىكى چەكسىز زېمىن، كەتمىنىڭ بىلەن جاراڭلاتتىڭ قەدىم ۋادىدا ھەقىقىي پاشانىڭ ساداسىنى، ئەي ئاتا!

## رىۋايەت

قۇشلارنىڭ تىنىمسىز ۋىچىرلاشلىرى بىلەن تاڭ باھار مۇئەككىلى بىر توپ ئىلاھلار بىلەن بىرگە سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەلدى. غۇۋا ناخشا، گىرىمسەن تۇسكە كىرگەن كېچە، چاراقلاپ يېنىشقا باشلىغان يۇلتۇزلار، ھىلال ئاي ... بۇ ۋادىنىڭ جېمىكى گۈزەل سىماھلىرى سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا قارار تېپىشتى. پەرىشتىلەر نۇر - زىياغا پۈركەنگەن ھالدا يېتىپ كېلىشتى. ئاخىرقى پەيتلەر كەلدى. «ھۆررا» سادالىرى بىلەن ئاخىرقى پىنھانلىقنىڭ جاھان ئەھلىگە ئاشكارا بولدى. جامالىڭنى كۆرۈشكە نېسىپ بولغان ئىلاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. بارلىق ھېس-تۇيغۇلار قېتىپ قېلىشتى. كۈندۈزدەك يورۇغان كېچە مۇقەددەس بايرام تۈسىگە كىردى، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى تەخىرسىز داغدام ئېچىلدى. تەبەسسۇمدە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ساڭا قۇچىقىنى ئاچتى، كائىنات ساڭا سەجدە قىلدى.

## گۇناھ

چۆل - قەدىمىي ۋەتەن.

گاڭگىرىغان بالا قولىدىكى شەيتان مېۋىسىنى ئازابلىق غاجىماقتا. نومىنىڭ كېمىسى يەنە كەلمىدى، قۇم دېڭىزى ھەممىنى يۇتۇپ كەتتى، بۇ سېنىڭ ئەيىبىڭ ئەمەس، مۇقەددەس ئادەمنىڭ ئۇدۇمى ... ئۇلار بۇ يەردە ياشىشى كېرەك.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى)

# ئىككى شېئىر

ئادىل تۇنىياز



## ئوتۇن بازىرى

قاغىلارنىڭ بويۇنلىرىدەك،
ئاپتوبۇسقا ئۇزاپ كېلەر كەچ.
بىراق خوتەن يىراق ھەم جاھىل.

ئەزان ئاۋازى،
لاي تاملارنىڭ كەينىدە
ئاستا-ئاستا نۇرلۇنۇپ،
ئايلانماقتا سەھەرگە.

غېمىمىزنى تاشلاپ شەھەرگە،
مارۋىكەشكە تۆلەپ ئۈچ تەڭگە.
يولغا چىقتۇق يېزىغا تۇتاش،
توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئۇ دەڭگە.

ئاسمان پەلەك بېسىلغان،
ئوتۇن، ئەمگەك، ۋاقىت، مۇھتاجلىق.
دۆۋە - دۆۋە
قەدىمىي توغراق ۋە
يۇلغۇن كۆتەكلىرى
ئوخشار مۇنداق رەسىمگە:

ئوردا خارابىسى.
ياۋروپادىكى بىر سەنئەت مۇزېيى
خوتەن پادىشاھى ئويدۇرغان ياغاچ پۇتۇك.
قىزغۇچ كومزەك كۆتەرگەن يالىڭاچ ئوت ئىلاھى.
چاشتانى ئىلىكبەگدىن قورقۇپ كەتكەن بەدبەشىرە جىنلار.
بىر ئۇيغۇر. ئارىيان ياكى بىر ئىندىيان.
ئېگىز-پەس كۆتۈرۈلگەن مىلتىق ئۇچلىرى،
قان يۇقى ئۇستىخان.
مۇڭگۈزىنى دىڭگايتىپ بۇغىلار ياتقان.
سۇزۇك قاشتېشى ئەمەس تۆشۈك ئوتۇن.
ئايال ئوتۇن،
تىرىك ئادەمگە ئوخشايدىغان ئوتۇن.

«قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارىم كېلىپ قالسا،
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن».

سالۋا تەلپەك كەيگەن ئادەملەر
دېۋەدەك ئېگىز كەلگەن ئادەملەر
تراكتوردىن تاشلايدۇ ئوتۇن.

## مەنزىرە

يېشىل سايلارنىڭ ئارىسىدا
تاغىل مۈشۈك ياتىدۇ
سېرىق چېچەكلەرنى بېسىپ ئاستىغا
مۈشۈك ماڭا قاراپ.
مەن مۈشۈككە قاراپ ...
تۇساتتىن ھېچكىم بىلەن ئۇچرىشالمىدىم
غېرىبلىقنىڭ زورلۇق كۈچى ئاستىدا
كۆرگىنىم يالماۋۇزنىڭ كۆزلىرى.

بۇ كۈنلەرگە ئىشەنمە دوستۇم،
ھەممە پارقىرىغان نەرسە.
ھەممە قورقۇنۇچلۇق نەرسە،
ھەممە ئىگەللەنگەن نەرسە.
ۋاقىتنىڭ تورىغا چۈشكەن بىر بېلىق.
مەن؛ سەن ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدا
قۇرۇپ كەتتى ئاپرىلدىمۇ ئاستا ـ ئاستا.
ئاستا-ئاستا چۈشۈۋاتقان قاراڭغۇلۇق
قارا رەڭلىك پەرشتىگە ئايلانماقتا،
كۈچلۈك ئىستەكلەرنى قوتراتقان ھالدا.
تولۇپ، يوغىناپ، قىستاپ، جىمجىتلا ...

ئۆلۈۋاتقانلار يېشىل ئەمەسقۇ؟
بىلەلمىدىم كىمنىڭ روھى ئۇ؟
ئوت ـ چۆپلۈكتە ئولتۇرغان مۈشۈك.

(شائىرنىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى)









هۆسنخەت تىلەرنى

نەمەت ناسىر

يازغان

هۆسنخەت تىلەرنى

پەرھات يۇنۇس

يازغان







# ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلسە

(ھېكايە)

جېئان گىلبېرتسون (ئامېرىكا)

چارلېز ئۇلارنى تەڭلا كۆردى: بىر ئاق قۇشقاچ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، بىر قىز چاقلىق ئورۇندۇقنى ھەيدەپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. قۇشقاچ پەسكە شۇڭغۇپ چىملىققا چۈشتى. قىز چاقلىق ئورۇندۇقنى ھەيدىگىنىچە چىغىر يولغا چۈشتى. ئۇنىڭ قاتلىنىشچان مېتال ئورۇندۇقى ماتورلۇق بولغان بولسا ئىدى، قىزنى شۇنچىلىك سىلىق ئىلىپ ماڭاتتى. قىز توختاپ كۆلدىكى ئۆردەكلەرگە نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قوللىرى چاقنى قايتا ئىتتىرىشى بىلەن چارلېز قەدىمىنى تېزلەتتى:

ـ سىزنى ئىتتىرىپ قويايمۇ؟ ـ دېدى ئۇ يۈگرىگەن پېتى چىملىقنى كېسىپ ئۆتكىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ. ئاق قۇشقاچ ئۇچۇپ بىر دەرەخنىڭ ئۇچىغا قوندى.

ئۇ ئاران شۇنچىلىكلا گەپ قىلالىدى ۋە قىزنىڭ ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىدىن قورقۇپ توختاپ قالدى. قىزنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ياردەمگە مۇھتاجلىق ئالامىتى ئىپادىلەنمەيتتى. ئۇ ئۆز گېپىنىڭ قوللاشقا ئېرىشمىگەنلىكىنى بىلدى ۋە قىزدىن مەجرۇھ بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا گەپ تېپىش ئۈچۈنلا ئىدى.

ـ بۇ، 12 ياش ۋاقتىمدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدىن كېلىپ چىققان، ـ ئېيمي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ـ ئۆكام بىلەن ئىككىمىز ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق، تۇساتتىن ئاپام پىكاپنى ياندىكى يولدىن چىققان بىر يۈك ماشىنىسىغا سوقۇۋەتتى. ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزەمنى دوختۇرخانىدا كۆردۈم.

ـ سىزلەرگە بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇ. ئۆكىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ـ ئۇنىڭ ئەھۋالى مەندىن سەل ياخشى ئىكەن. ھېچ بولمىغاندا ئۇ مەندىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن چىقتى. بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۇنىڭغا كۆنۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلدۇق.

ئۇلار چۈشلۈك تاماققا باردى. ئەگەر قىز ئۆزىنى كۆتۈشنى بىلمىگەن بولسا چارلېز گاڭگىراپ قالغان بولاتتى. قىز چاقلىق ئورۇندۇقنى ئورۇندۇقلار ئارىسىدىكى تار يوللاردا ماھىرلىق بىلەن ھەيدەيتتى.

ـ سىزنىڭ ھەمراھىڭىز بارمۇ؟، ـ ئىككىنچى كۈنى چارلېز بۇ قىزنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇش ئىستىكىدە ئۇنىڭدىن سورىدى.

ـ ياق، ـ دېدى قىز جاۋاب بېرىپ. ئۇنىڭ يالغۇزلۇق تۇغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى قىزنىڭكىدىن كۆپ ئىدى.

چارلېز ئىككى چېتى ئاق مېتال چاقلار ئارىسىدا ئاق تۇتقۇچنى تۇتۇپ مېڭىشنى ياقتۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ

يەلكىسىدىكى چاچلىرىنىڭ يېنىك دولقۇنلىنىشلىرى ئۇنىڭغا بەكرەك تونۇش بولۇپ قالدى. چاقلىق ئورۇندۇق بىر ھەرىكەتچان شەيتان ئىدى. ئۇ ئازراقلا كۈچەش بەدىلىگە ئېرىشكەن كۈچ-قۇدرەت تۇيغۇسىدىن ئىنتايىن سۆيۈنەتتى. بىر قېتىم ئۇ قىزنىڭ چاچلىرىنىڭ دولقۇنلىرىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ:

ـ مەن پۇتكۇل ھاياتىڭىزدىكى ئورۇندۇقىڭىزنى ئىتتىرگۈچى بىردىن بىر كىشى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى. بىراق، قىز مىيىقىدا كۈلۈپلا قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېچنېمىنى ئىپادىلىمىدى. چارلېز بېشىنى كۆرتۈرگەندە بىر ئاق قۇشقاچنىڭ ئۇچۇپ بىر دەرەختىن يەنە بىر دەرەخكە قونۇپ ئۆزلىرىنى ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئېيۇندا قىز چارلېزغا ئاتاپ تاماق ئەتتى. چارلېز ئېيىمىنى ئۆزىنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھەممىنى قىلالايدىغانلىقىدىن ماختىنىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئىش ئۇنداق بولمىدى. بۇ ئېيىمى ئۇچۇن پەقەت ئادەتتىكىلا بىر ئىش ئىدى. چارلېز تۆز سېلىنغان قۇتىنى ئېگىزرەك جايغا ئېلىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدىن ياردەم سورىشىنى كۈتتى. بىراق، سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئېيىمىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۆزىنى خۇددى قارت ئويناۋېتىپ تۇساتتىن قولىدىكى قارتلارنى رەقىبىگە كۆرسىتىپ قويغاندەك ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئېيىمىغا باغچىدىكى ئاق قۇشقاچ توغرىلىق گەپ ئاچتى.

ـ مەنمۇ ئۇنى كۆرگەنىدىم، ـ دېدى ئېيىمي، ـ مەن ئىلگىرى بىر شېئىر ئوقۇغان. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە: بىر ئاق قۇشقاچ دائىم بىر دېرىزە تەكچىسىگە كېلىپ قونىدىكەن. ئۆيدە بىر ئايال بولۇپ، ئۇ بۇ قۇشقاچقا يەم بېرىشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايال بۇ قۇشقاچنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق بۇ بىر ماس كەلمەيدىغان سۆيگۈ ئىدى. ئاق قۇشقاچ ھەر كۈنى دېرىزە تەكچىسىگە كېلىدىكەن. ئايال ياتلىق بولغاندىن كېيىن قۇشقاچ كەلمەس بولۇپ قاپتۇ. ئايال كۈندە بولكا ئۇۋاقلىرىنى دېرىزە تەكچىسىگە چېچىپ قويىدىكەن. بىراق، شاماللار ئۇچۇرۇپ كېتىدىكەن.

ئېيۇلدا چارلېز ئېيىمىنى دائىم قولۋاقتا چۆشۈرۈپ ئوينىتاتتى. ئېيىمي دالا تامىقىنى دائىم ئۆزى تەييارلايتتى. چارلېز ساياھەتكە باشچىلىق قىلاتتى. ئېيىمي ئۇچۇن ئەڭ قىيىن ئىش قولۋاققا چۈشۈش ھەم قولۋاقتىن چىقىش ئىدى. ۋاھالەنكى، ئېيىمي «يۈك باشقۇرۇش» دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئىش چارلېزغا نىسبەتەن گويا سىرتتىكى سەيلىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ئىدى. ئۇ قارىماققا ئېيىمىنى پورتنىڭ چېتىگە ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئورۇندۇقتىن يۆدۈپ ئېلىش، ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى قولۋاققا ئولتۇرغۇزۇش، ئاندىن ئورۇندۇقنى قاتلاپ قولۋاقنىڭ بىر چېتىگە قويۇش قاتارلىق ئىشلاردىن ناھايىتى ھوزۇرلىنىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. دەسلەپكى بىر نەچچە قېتىملىق سەيلىدە ئېيىمي يار ـ يۆلەكسىز ھالدا ئۆزىنى مىدىرلىتالمايدىغان ئورۇندا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى بىئارام بولدى. قولۋاق كۆمتۈرۈلۈپ كەتسە سۇ ئۈزەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭمۇ خىيالىدىن كەچتى. چارلېز بىر كاپىتاننىڭ رولىنى ئېلىشقا كۆنۈپ قالدى. ئۇ ئېيىمىنىڭ كۆڭلىدىكى ئارامسىزلىقنى پەقەتلا بىلمەيتتى. ئېيىمي قايتا قوزغالغان يار-يۆلەكسىزلىك تۇيغۇسى ئىچىدە چارلېزنىڭ باشقۇرغۇچى بولۇشقا خۇشتار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چارلېز ئاۋغۇستنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ماركىسى يېڭى، مودا كاپىتانلار شلەپىسىنى يۇمشاق قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىگە كىيىپ ئۇنى چاقىرغىلى كەلگەن ئىدى، ئېيىمىنىڭ پۇتكۇل ھېسسىياتى سۇ ئۈستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا قارشى ئىدى، ئۇ بېرىشنى رەت قىلدى.

ئېيىمي ئۇنىڭغا ئۇ يەرگە بېرىشتىن كۆرە پىيادە سەيلە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۇ ئۆز بىلەكلىرىنىڭ كۈچى بىلەن يول يۈرەلەيتتى. چارلېزمۇ ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ماڭالايتتى. چارلېز ئاخىرى ماقۇل بولدى، بىراق ئۇنىڭ خاپىلىقى باسقان قەدىمىگە ئەگىشىپ ئېشىپ بارماقتا ئىدى. بۇ ئۇ ئېلىشنى خالىمايدىغان رول ئىدى.

ـ سىز نېمىشقا قوللىرىڭىزنى سەل ئارام ئالدۇرغاچ مېنى ئىتتىرگىلى قويمايسىز؟

ـ ياق.

ـ سىزنىڭ بىلەكلىرىڭىز تېلىپ كەتتى، مەن بۇ ئىشتا سىزگە ياردەم بېرەلىغۇدەك ئۈچ ئاي بولدى.

ـ سىز كەلمەستە مەن بۇ چاقلىق ئورۇندۇقنى 12 يىل ھەيدىگەن. بىلەكلىرىم ئۇنى ھەيدەشنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ؟

ـ بىراق، ئورۇندۇقىڭىزنى ئۆزىڭىز ھەيدەپ ماڭسىڭىز سىز بىلەن بىللە مېڭىشنى ياقتۇرمايمەن.

ـ سىز مېنى ئۆتكەن ئىككى ئاينىڭ ھەر ھەپتىسىنىڭ ئاخىرىدا سىزنىڭ قولۋىقىڭىزدا يار-يۆلەكسىز ھالدا ئولتۇرۇشنى ياقتۇردى، دەپ ئويلامسىز؟ ـ چارلېز بۇ يېڭى گەپنى ئاڭلاپ خېلى بىر چاغقىچە جىمىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ:

ـ مەن بۇنى پەقەت ھېس قىلماپتىمەن ئېيىمي، سىز ھەر ۋاقىت چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىسىز، مەن سىزنىڭ قولۋاقتا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىڭىزنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇمۇ ئوخشاشلا بىر ئىش، ـ دېدى.

ـ بۇ ئوخشاش ئىش ئەمەس. بۇ ئورۇندۇقتا ئۆزۈم يول يۈرەلەيمەن، بارماقچى بولغان ھەرقانداق يەرگە بارالايمەن. قولۋاق مېنى ئىش قىلالماس قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر بىرەر چاتاق چىقىپ سۇغا چۈشۈپ كەتسەم، مەن ئۆزەمنى ھەرگىز

قوتۇلدۇرالمايمەن.

- بىراق مەن بار. سىز مېنىڭ سىزنى قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىمنى، سىزگە ياردەم بېرىدىغانلىقىمنى پاكى سىز نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىدىغانلىقىمنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

- ئويلىدىم. بىراق بۇ، مەن 12 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزەم بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەنگەن نۇقتا. مەن ھەتتا ئائىلەمدىن ناھايىتى يىراق شەھەردە ياشاشنىمۇ ئىشلىرىمنى مۇستەقىل قىلىمەن. قولۋاق ئىچىدە ئولتۇرۇش ئېرىشكەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنى مەندىن ئايرىۋېتىدۇ. سىز نېمىشقا مېنىڭ ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلەلمەمسىز؟ مەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمايمەن.

ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە يولنى داۋاملاشتۇردى. چارلېزنىڭ ھېسسىياتى ئۆرلەپ ئاخىرى ئۆزىنى بېسىۋېلىش چىگرىسىدىن بۆسۈپ چىقتى:

- ئېيمي، مەن سىزنىڭ ماڭا تايىنىشىڭىزغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن، - ئۇ ئۆز ئارزۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ تەكىتلىمەكچى بولغاندەك ئۆزىگە تونۇش ئاق تۇتقۇچنى تۇتۇپ ئېيمىينى تېز ئىتتىرىپ ماڭدى. ئېيمىينىڭ قوللىرى چاقلاردىن ئاجرىلىپ چىقىپ ئېتىكىگە چۈشتى. ئۇنىڭ يەلكىسىدە دولقۇنلىنىپ تۇرغان چاچلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خاپىلىقنى كۆرسەتمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ چارلېز چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان خاپىلىق ئىدى.

ئېيمي ئەتىسى ئەتىگەندە تېلېفوندا جاۋاب قايتۇرمىدى، بىراق چۈشتىن كېيىن چارلېزغا پوچتىدىن بىر خەت كەلدى. ئۇ بۇ خەتنىڭ ئېيمىيدىن كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ پوچۇركىسى راۋرۇس ئەمەس ئىدى، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭغا سوئال قويۇشقا بولمايتتى. كونۋېرت ئىچىدە ئۇ خەت يازغان بىر پارچە كارتوچكىلا بار ئىدى.

ئەگەر سىز بىرەر نەرسىنىڭ ئۈمىد قىلغىنىڭىزدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇ يېنىڭىزغا قايتىپ كەلسە، ئۇ سىزنىڭ بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سىز ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسىز.

(ئىسمى نامەلۇم بىرسىدىن)

ئۇ ئۆيدىن يۈگرىگىنىچە چىقىپ ئېيمىينىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان چاغدىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىدا «سىز ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشىڭىز كېرەك» دېگەن سادا ياڭرىدى.

بىراق ئۇ ئويلايتتى: ئۇ مېنىڭ، مەن ئۇنى كەتكۈزۈۋېتەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئىلكىمدىن چىقىپ كېتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ماڭا مۇھتاج ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئويلىنىشىغا يول قويالمايمەن. ئۇ ماڭا مۇھتاج بولۇشى كېرەك. ئاھ خۇدا، ماڭا ئۇ بولمىسا بولمايدۇ.

بىراق ئېيمي ئولتۇرغان قورۇ قۇپ-قۇرۇق ئىدى. ئالدىنقى ئاخشىمىلا ئۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. ئۆيلەردىن ھېچقانداق تىۋىشمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇ يولغا يىقىلىپ چۈشۈپ، بوغۇلداپ يىغلىۋەتكەن چاغدىمۇ، ئۆيدىكى سوغۇق جىمجىتلىق ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇ ئېيمىيدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ئۇ دائىم ئېيمىينىڭ خېتىنى مەيدىسىگە قويۇپ، ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ئۇششاق يېرىقچىلارنى سانىلىپ ياتاتتى. ئۇ پات-پاتلا باغچىغا چىقاتتى، بىراق ھېلىقى ئاق قۇشقاچنى كۆرۈپ قېلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدا شامالداپ نەچچە سائەتلەپ ئولتۇراتتى، ئۆزىنىڭ سىرتتا ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى. ئۇنى مۇشۇنداق تۇرمۇش قورشاپ ئالدى.

سېنتەبىر كېلىپ، يەنە ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ بىر پارچە خەتلىرى تونۇش كونۋېرتنى تاپشۇرۇۋالدى. كونۋېرتتىكى پوچتا ماركىسى ناھايىتى يىراقتىكى بىر شەھەرنىڭ ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى. ئۇ كونۋېرتنى ئاچتى - يۇ، ئۇنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال ئاق پەينىڭ ئۇستەلگە چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئويىدا ئاق قۇشقاچ ئۇچقان چاغدا ئۇنىڭ قانىتىدىن بىر تال موي ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئىدى. بۇ ئايرىلىش ئىچىدە يوقالغان پەي ئەمەس ئىدى، بۇنداق ئاق قۇشقاچنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇندىلا ئۇ ئېيمىينىڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى. بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن پەي ئۇنىڭ قولىدىن سىرىلىپ ئاستا يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

(ئېنگلىزچىدىن دىلمۇرات مەھمۇت تەرجىمىسى)



## كۆكۈل ئارخىپى

دىلمۇرات مەھمۇت 1975- يىلى قۇمۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيەسىنى ئالغاندىن كېيىن 1992- يىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1997- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، يەنە شۇ فاكولتېتتا تەسىس قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات كەسپى ئۇيغۇر فولكلورى نىشانى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئوقۇماقتا.

(ئاخىرى 55- بەتتە)

# نېمە ئۈچۈن جۇڭگو بالىلىرىنىڭ بويى ياپونىيە بالىلىرىدىن پاكار

دۆلىتىمىزدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بويى، ياپونىيىدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭكىدىن پاكار بولۇپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى توغرىلىق دۆلەتلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن ساپاسىنى تەكشۈرۈش مەركىزىدىكى تەتقىقاتچى يوداۋچۇڭنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، 60ـ70ـ يىللاردا ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر ئازىيىپ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە بويى ئېگىزلىكى تېز ئۆسكەن. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمى ياپونىيىنىڭكىدىن ئاستا بولۇپ، بۇ دۆلىتىمىزدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بويىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ياپونىيە بالىلىرىنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇشىدىكى بىر ئوبيېكتىپ سەۋەب بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تەنتەربىيە مەشىقىنىڭمۇ بوي ئېگىزلىكىنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى چوڭ تەسىرى بولىدىكەن. دۆلىتىمىزدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈلەر ئارىسىدا قانات يايدۇرۇلغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ياپونىيىنىڭكىگە يەتمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. 1986ـ يىلى بېيجىڭ ۋە توكيودا، ئېلىپ بېرىلغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن ساپاسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەينى ۋاقىتتا توكيودىكى 70% — 80% ئوقۇغۇچى دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇقىم قاتنىشىدىكەن. بېيجىڭدا بولسا، 15 — 20 پىرسەنتلا ئىكەن.

يوداۋچۇڭ ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق پەرق تا بۈگۈنگىچە ئۆزگەرمەپتۇ. ياپونىيە قانۇنلىرىدا، يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە مەيدانلىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى توغرىلىق ئېنىق بەلگىلىمىلەر بولغاچقا، مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىلغار تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلىدىغان مۇھىت يارىتىلغان.

مەملىكىتىمىزدە بۇ جەھەتتە بەلگىلىمىلەر بولسىمۇ، ئەمما رەسمىي قانۇنلاشتۇرۇلمىغان. مەكتەپلەردە بىنا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت مەيدانلىرىنى ئىگىلىۋالغان ئىشلارنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراتقان.

يوداۋچۇڭ ئەپەندى يەنە، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بەزى پائالىيەتلەر ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق، ئەمما ھازىر بەزى ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار جاپا تارتىشتىن قورقىدۇ. ئۇلاردا كۈچلۈك ئىرادە ۋە سەبىرچانلىق كەم، شۇڭا ئۇلار بەدەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائالىيەتلەرنى ئىختىيارسىز بىر چەتكە قايرىپ قويغان. بىز ئادەمنىڭ بەدەن ساپاسىغا باھا بەرگەندە ئاساسلىقى، ئۆسۈپ يېتىلىش، ھالەت شەكلى فۇنكسىيىسى، بەدەننىڭ تاشقى كۆرۈنۈش ساپاسى، پائالىيەت قابىلىيىتى، روھىي ھالىتى، ماسلىشىش قابىلىيىتى ۋە ئىممۇنىتېت قۇۋۋىتى قاتارلىق 7 ئامىلغا قارايمىز. بويى پاكار بولسا بەدەن ساپاسىنى ناچار دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇمۇ بىر خىل سىگنال. دۆلىتىمىزدە 1985ـ يىلدىن 1995ـ يىلغىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ساپاسىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇلاردىكى سەبىرچانلىق ۋە ئەۋرىشىملىك تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن ساپاسىنى تەكشۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ساپاسىنى ئۆلچەپ بېكىتىدىغان ئۆلچەملەرنى ئالدىنقى يېرىم يىلدا جاكارلاشنى قارار قىلدى.

دۆلەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، جۇڭگو ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 52.5% شەھەر ئاھالىسى، ياۋايى ھايۋانلارنى يېيىشكە قىزىقىدىكەن. 35.7% ئادەم ئۆزلۈكىدىن كۆچەيتىش، قۇۋۋەت تولۇقلاش ئۈچۈن يەيدىكەن، 22.4% ئادەم سۆلەتۋازلىق قىلىدىكەن. تەكشۈرۈلگەنلەر ئىچىدە، 2.81% ئادەم دائىم ياۋايى ھايۋانلارنى يەيدىكەن. ياۋايى ھايۋانلارنى ئىستېمال قىلغۇچىلار ئاساسەن، رەھبىرىي كادىرلار ۋە پۇلدارلار قاتلىمىغا مەركەزلەشكەن.

ھەبىبە تەرجىمىسى

(تەرجىماننىڭ ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى)



# قارلىق تاشلاش ئويۇنى ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئاق رەڭ چۈشەنچىسى

ئەسقەر يۇسۇپ

قىشنىڭ كېلىشىدىن بېشارەت بەرگۈچى تۇنجى قاردا، خەلقىمىزنىڭ بىر - بىرىگە قارلىقنامە تاشلاپ تۇرمۇشنى ئېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىدىغان ئادىتى بار. ھەم ئويۇن ھەم ئىلمىي پائالىيەت تۈسىدىكى بۇ ئادەت چوڭ - كىچىك ھەممىگە باب كېلىدىغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغاندىن سىرت، ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە تۇنجى قارنىڭ يېغىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر ھېكمەتنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

«قارلىقنامە» نىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقى ۋە قارلىق تاشلاش ئويۇنىنىڭ قانداق ئوينىلىدىغانلىقى توغرىلىق باشقا ماتېرىياللاردا مەلۇمات كۆپ بولغاچقا بۇ ھەقتە قايتا توختالمىدۇق. تۆۋەندە پەقەت بۇ ئويۇننىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن ئۇيغۇر ئېڭىنىڭ باغلىنىشلىق تەرىپىلا بايان قىلىنىدۇ.

قارنىڭ ئاقلىقى بىلەن كۆڭۈلنىڭ شادلىقى ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ بۇ ئويۇندا نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىمىزگە خەت يېزىشىپ سورۇن ھازىرلاشقا رازى بولىمىز؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، ئاق رەڭنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېڭىدا بەخت - ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغانلىقىغا نەزەر سېلىپ باقايلى.

ئەجدادلىرىمىز تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدىغان شىمالىي كەڭلىكلەردە ئات چاپتۇرۇپ، ھاكىمىيەت تىكلەپ، يەر تېرىپ، ئەسۋاب ياساپ ھەم شەھەر قۇرۇپ ياشىغان. تەبىئەت ئاتا قىلغان تۈرلۈك نېمەتلەردىن تالاي ھېكمەتلەرنى ھاسىل قىلىپ، كۈن - تۈن، قىش - يازلارنىڭ ئالمىشىش ۋە ئوت-يالقۇن، بوران - چاپقۇنلارنى ئۆزىدىن ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە بىر كۈچنىڭ نامايان بولۇشى، دەپ قاراپ، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا ئىشەنگەن. بۇ خىل ئىشەنچ ئۇنىڭغا مۇقەددەسلىك ئاتا قىلىپ، ئالاھىدە تەلپۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇ يوسۇندا قانۇنىيەتكە ئايلانغان قارنىڭ يېغىشى خۇدا رەھمىتىنىڭ يېغىشى ھېسابلىنىپ، يايلاق ۋە تاغلار يېشىللىقىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالغان. بۇ خىل سىرلىق ئامەت خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسىدە ئاق رەڭگە بولغان ھۆرمەت ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن يۇكسەك ئورۇن ئالغان. دېمەك، قاردىكى ئاقلىقنىڭ بۇنداق ئالاھىدە خاراكتېرلىنىشى، بەزىلەر ئېيتقاندەك «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باشلانغان» بولماستىن، ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان. ئوغۇزخانمۇ بۈيۈك غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، قىرىق غۇلاچلىق ئاق خادا ئاستىغا ئاق قوينى باغلىغان. ئۇنىڭ ئاق تەرەپ (غەرب) كە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى غەلىبە بىلەن نەتىجىلەنگەن.

«خەننامە، ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھونلار لۇشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى دۆڭسەن تېغىغا كېلىپ ئاق ئات سويۇشتى. ئاغا تەڭرىقۇت توخرىلار خانىنى ئۆلتۈرۈپ، باش سۆڭىكىدە ياسىغان جامغا مەي قۇيۇپ، شەمشىرى بىلەن بىلىكىدىن قان چىقىرىپ مەيگە تېمىتىپ قەسەم قىلدى» دېيىلگەن. «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دىكى ئاق نىيەت تېكىننىڭ ئاق سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن ساخاۋەتلىرىدىمۇ ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھونلارنىڭ بىر قەبىلىسى پادىشاھ ئاق سۇۋارخاننىڭ باشچىلىقىدا ئۆزلىرىنى «ئاق ھۇن» دەپ ئاتاپ، مىلادى 5 ـ ، 6 ـ ئەسىرلەردە سەمەرقەندنى پايتەخت قىلىپ، ماۋارە ئۈننەھرىدە ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان.

تارىختا (تۈرالار زامانىسىدا) بىزنىڭ بۆشۈكىمىز، بايلىقىمىز، يايلىقىمىز بولغان تەڭرىتېغى «ئاقتاغ» دەپ ئاتالغان. (بەزىلەرنىڭ ئۇنى «قوشۇن تۇتۇپ ئەل بولغان ئاق بايراق» قا ئوخشاتقىنىغا ئاتاقلىق يازغۇچىمىز ئا. ئۆتكۈر ئەپەندى كۈچلۈك رەددىيە بەرگەن ئىدى). ئەجدادلىرىمىز قوبۇل قىلغان شامان (قامان) دىنىدىمۇ غەرب تەرەپنى ئاق رەڭ بىلەن ئىپادىلىگەن. ھاياتلىق ۋە ھاياتىي كۈچنى ئىزدەپ كۆپ قېتىم غەربكە (ئاقتا) سەپەر قىلغان. باتۇر تەڭرىقۇت جەڭلەرگە ئاق ئات مىنىپ كىرىدىغان بولۇپ، ئاق ئاتلىق قوشۇن «زەربىدار قوشۇن» بولغان. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاق ئات زەپەرنىڭ سىمۋولى ئىدى ...

ئاق رەڭ شۇنچىۋالا خاسىيەتلىكمۇ؟ ئەجدادلىرىمىز نېمە ئۈچۈن ئاق رەڭگە تېۋىنىدۇ؟ سەۋەب شۇكى، ئۇ ـ باياشاتلىقنىڭ ئەلچىسى، ئۇنىڭدا قۇياشنىڭ نۇرى، يەنى مەبۇدنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ ـ روھىي يۆلەك، قۇدرەت ئىگىسىنىڭ تەسەللىيسى. دەردلەنگەن دىللار ئۇنىڭدىن قانائەت ھېس قىلىدۇ. ئاقلىق ـ مەۋجۇداتلارنىڭ ئەسلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئەتراپىدىكىلەرگە ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت تارقاتقان. ئاق رەڭ ئاتا قىلغان ئىزگۈ تۇيغۇ، ئاقارتىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەردە ئاق رەڭگە ئىخلاس قىلىشقا يېتەكلىگەن.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ، خەلقىمىز ئىنسانلارنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئىككى چوڭ ئىشىغا ئاق رەڭنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئادەم دۇنياغا كەلگەندىمۇ ئاق رەخت بىلەن زاكىلىنىدۇ (ئاق يۆگەككە ئورۇلىدۇ)، بۇ دۇنيادىن كەتكەندىمۇ ئاق رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ. تىرىكلىكىدە ئاقارتىلغان ئۆيلەردە ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. (بۇ جەھەتتە نەچچە مىڭ يىللىق ئىزچىللىق بار) ھەتتا، پېشايۋان ھەم قەبرىلەرمۇ گەج بىلەن سۇۋۇلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقى بۇ دۇنيانى ئىنسان سەيرىدىكى بىر ئۆتەڭ، دەپ قاراپ كەلگۈچىلەرگە ئاق پاياندار سالىدۇ. ئاقارتىلغان ھويلا ـ ئاراملاردا كۈتىدۇ. كېتىدىغان چاغدا ئېگىكى ۋە باشمالتاق پۇتلىرىغا ئاق رەخت تېڭىپ، ئاق يوپۇق بىلەن ئۇزۇتۇپ قويىدۇ. كۆپىنچە ئەرلەر ئاق شاپاق دوپپا، ئاق كاتۋاي كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياشانغان ئاياللار ئاق رومال ئارتىپ يۈرىدۇ، قىزلار ئاق مەرۋايىت (مارجان) ئاسىدۇ.

خەلقىمىز چەكسىز شادلىقىنىمۇ، يۈكسەك قايغۇسىنىمۇ ئاق رەڭ بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ساداقەتنىمۇ، سېخىيلىقىنىمۇ، سەبرى ـ تاقەتنىمۇ ئاق رەڭ بىلەن ئىپادىلەيدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىز مۇسىبەتلىك بولغاندا، ھازىدارلار بېلىگە ئاق بەلباغ (پوتا) باغلايدۇ (بەزى ئەرلەر سەللە يۆگەيدۇ)، ناماز ئوقۇيدىغان جاينازلىرىنىمۇ ئاق رەختتىن قىلىدۇ. سەپەرگە چىققان يېقىنلىرىغا «ئاق يول بولسۇن» دەپ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرسە، ئېزىز مېھمانلىرىغا سۈت چاي دەملەيدۇ ... يۇرتلىرىنى ئاقسۇ، ئاقتاش، ئاققاش، ئاقتۇ، ئاقدۆڭ ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ ...

«قارلىقنامە» نىڭ ئاق قەغەزگە يېزىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، قارلىق تاشلاش ئويۇنى، تۇنجى قارنىڭ شەرىپىگە ئوينىلىدۇ. قار ـ مەمۇرچىلىقنىڭ بەلگىسى. بىزدە ئاق چاچلىق مومايلارنى پەرىشتىگە، ئاپئاق ساقال بوۋايلارنى خىزىرغا ئوخشىتىدىغان ئادەت بار. ئادەملەرنىڭ ياخشىسىنى «ئاق كۆڭۈل» دەپ ئاتايمىز. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىغا ئەۋەتىدىغان خالتىلىرىمۇ ئاق رەختتىن تىكىلىدۇ. قاشتېشىنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولغان ئاپئاق قاشتېشى يۇرتىمىزدىكى ۋە كۆڭلىمىزدىكى ئاقلىق ھەم ساپلىقنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ كەلمەكتە. كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز ۋە ئۆي سايمانلىرىمىزنىڭ ئالما چېچىكى، ئامۇت چېچىكى ۋە كېۋەز چېچىكى رېڭىنى ئالغانلىرى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئاق ئاتلىق قوشۇن ئاساسىي قوشۇن بولغاندىن تارتىپ تاھازىرغىچە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئاق رەڭ چۈشەنچىمىزنى بېيىتىپ كەلدۇق. نەزىرىمىزدە «ئاق» روھىي ئۆلچەم قىلىنىپ، تۇرمۇشىمىزدىن مۇھىم ئورۇن ئالدى. ئۇ ھازىرمۇ پاكلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنماقتا.

قىزلىرىمىز تويى بولغان كۈندە ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ، ئاق پۈركەنجە ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. (بىراق ھازىر بەزى قايتا نىكاھلىق بولغانلار، يەنى جۇۋانلارمۇ ئاق كۆڭلەك كىيىۋېلىپ، بىر ياخشى قائىدىنى بۇزىۋاتىدۇ ياكى خاتا ئىشلىتىۋاتىدۇ).

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردىكى ئاق رەڭ چۈشەنچىسى ـ قەدىمكى چاغلاردا نۇرغا ۋە ئوتقا چوقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يېقىنقى مىڭ يىلدىن بۇيان ئىسلام

دىنىي ئەقىدىسى بىلەن باغلانغان. چوڭ جەھەتتىن ئالساق، پەرز ھېسابلىنىدىغان ھەج پائالىيىتىمۇ ئاق ئېھرام باغلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىچىك جەھەتتىن ئالساق، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاق سەللە يۆگەيدۇ.

خەلقىمىز ھازىرمۇ ئايغا ۋە ئاپئاق چوققىلارغا تېۋىنىدۇ، سۈتنى ئۇلۇغلايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئاقلىقتىن ئىلاھنىڭ جامالىنى كۆرمەكچى بولىدۇ …

بۈگۈنمۇ شۇ ئىلاھىي كۈچنىڭ ھامىيلىقىنى ئىستەپ، ئۆي - ھويلىلىرىمىزنى ھاك بىلەن ئاپئاق ئاقارتىپ، ئەتراپىمىزغا «ئاق ئالتۇن» دېيىلىدىغان كېۋەز تېرىيمىز. قىش كەلسە ئاپئاق قارلارغا چۆمكۈلىمىز … تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئاقلىقتىن ئايرىلماسلىق ئۇدۇمغا ئايلاندى. بۇ ئۇدۇمنىڭ خاسىيىتى چوڭ ئىكەن، نان بىلەن سۈتتىكى ئاقلىق قەلبىمىزدىكى ئاقلىققا ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇ تېنىمىزدىكى ئاپئاق جەۋھەر بىلەن باللىرىمىزغا مىراس قالغۇسى! …

يەنە بىر ياخشى ئىش شۇ بولدىكى، يازغۇچى مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار رەتلەپ ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» ناملىق كىتابتا، ئاق بىلەن باغلىنىشلىق كۆپلىگەن ئويۇنلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، باللارنىڭ كۆزلىرى زامانىۋى ئويۇنچۇقلار بىلەن بەنت بولۇپ كەتمىسىلا، ئۇلار بىلىپ - بىلمەي ئاق رەڭ ئېتىقادى بىلەن چوڭ بولىدۇ. ئوغۇزخان، ئاتىللا، كۇرشاد ۋە تەجەللىخانلىرىمىزنىڭ ئاق ئات مىنىپ شان - زەپەر قۇچقانلىقىنى بىلىدۇ.

قەدىملىرىمىز رەڭ ئېتىقادى ۋە سان مۇقەددەسلىكىدىن خالىي ئەمەس. تەكلىماكان ئەتراپىدىكى تۈركىي خەلق - ئۇيغۇرلاردىن تارتىپ تاكى ئاناتولى تۈركلىرىگىچە، ئۆتتۈكەن ① تاغلىرىدىن سەنترگۇم قەلئەلىرىگىچە ② بولغان ئارىلىقتىن تونۇگۇن ۋە بۈگۈنگە خاس بولغان ئاق رەڭ مۇقەددەسلىكىگە دائىر سانسىز مىساللارنى تېپىشقا بولىدۇ.

تۇرمۇشىمىزدا بېشىغا سەللە يۆگەپ، بېلىگە ئاق بەلباغ باغلىغان توپ - توپ جامائەتنى، ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئاقارتىۋاتقان مېھنەتكەشلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. باللار ئوينايدىغان قارلىق تاشلاش ئويۇنىدىن تارتىپ چوڭلار يازىدىغان قارلىقنامىلەرگىچە خەلقىمىزنىڭ ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى ۋە ئاق رەڭ بىلەن كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشى گىرەلىشىپ كەتكەن…

**(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى)**

(بېشى 51- بەتتە)

قان تىپى: B؛ قىزىقىشى: رەسىم سىزىش؛ ئارتۇقچىلىقى: باشقىلارنىڭ ھال - دەردىگە يېتىش؛ ئاجىزلىقى: قورقۇنچلۇق فىلىملەرنى كۆرەلمەيدۇ؛ ئارزۇسى: بەك تولا، تۈگىتەلمەيدۇ؛ ياخشى كۆرىدىغان ئەقلىيە سۆزى: «ئادەم ھاياتىنىڭ مەقسىدى - ئىنسانىي كامىللىق» (جالالىددىن رۇمى)؛ جاھاندارچىلىق پرىنسىپى: ئۆزى ۋىجدانى بىلەن خوپ كۆرگەن يولدا مېڭىش.

قەلب سۆزى: بىز ئۆسۈپ بارماقتىمىز. ھايات ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ يېڭى-يېڭى ساھەلىرىنى بىزگە ئاشكارىلاپ كەلمەكتە. ئۇ ئېھتىمال قىيامەت كۈنىگىچە سوزۇلىدىغان جەريان. شۇڭا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھايات مەڭگۈ يۈكسەك جەلبدارلىققا ئىگە. سەنئەتچۇ؟ ئۇ گويا ھاياتقا ئوخشايدۇ. ھاياتنىڭ جەلبدارلىقى دەل ئۇنىڭ سەنئەتلىك ماھىيىتىدە. قايسىدۇر بىر پەيلاسوپ ئېيتقانىدەك: «تۇرمۇشتا سەنئەتلىك تۇيغۇ كەم بولسا ئۇنىڭ گۈزەللىكى يوقالغان بولىدۇ». بۇ خىل تۇيغۇ نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇنى بارغانسېرى مېخانىكىلىشىۋاتقان ياشاش ئەندىزىلىرىدىن، يالتىراق ماددىي پاراغەت، سۈنئىي ھەشەمەتچىلىك يامراپ تۇرغان بەزمىخانىلاردىن، ئۆز كۆڭلىدەك تار كوچىلاردا پۇلنى چىڭ سىقىمداپ يۈرەكزادە بولۇپ يۈرىدىغان ۋە ياكى ئۆز تۇرمۇشىنى ھەر دائىم ئۆزىدىن ئۈستۈنلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش بىلەن ئىچى پۇچىلىنىپ ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. سەنئەت ئىنسان روھىنى پەرۋىشلەيدىغان بىر ئىلاھىي كۈچ. ئۇ ئادەملىك بىلەن باراۋەر ئۇقۇم.

نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان چېغىمىزدا پەقەت ئازراقلا سەنئەت تۇيغۇمىز بولىدىغان بولسا، ئۇلار بىزنى ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ھېس قىلالمايدىغان ئادىمىيلىك بوشلۇقلىرىدا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. بىز داۋاملىق «بىزگە ھەقىقىي سەنئەت ئەسەرلىرى كېرەك» دەپ توۋلايمىز. چۈنكى، ئۇلار بىزگە ئاردىمىيلىك لەززىتى بېغىشلىيالايدۇ. ئېھتىمال، بۇمۇ بىزنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر تەرىپىمىز بولسا كېرەك.

① ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى تاغ
② ھازىرقى ۋېنگرىيەدىكى قەلئە

# قانۇن ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە دائىر ھېكمەتلەر

★ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ جىنايەتچىنى جازالاشتىن ئەۋزەل.

★ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنبەسى پۇل ئەمەس، بەلكى پۇلغا بولغان مۇھەببەت.

★ جىنايەت ئۇستىدە ھەدېپ گەپ ساتقاندىن كۆرە، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلىنى دېيىپ بەرگەن تۈزۈك.

★ دۇنيادىكى چوڭ جىنايەتلەر كۆپ ھاللاردا ئاچارچىلىقتىن پەيدا بولماستىن، بەلكى ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

★ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى جازالىمىغانلىق ـ بىگۇناھ كىشىلەرگە رەھىمسىزلىك قىلغان بىلەن باراۋەر.

★ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىگۇناھلارنى قوغداش جىنايەتچىلەرنى جازالاشتىن تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

★ توغرا بىلىم قانچە ئاز بولسا، جىنايى ھەرىكەت شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

★ ئەگەر جىنايەتكە تەشكىللىك جازا بېرىلمىسە، ئۇ چاغدا جىنايەت ۋە ئوغرىلىق ئىشلىرى ھەر ۋاقىت يۈز بېرىشى مۇمكىن.

★ ھەممە ئادەم ئاسانلا بىلەلەيدىغان قانۇننى سەن بىلمىسەڭ، ئۇ چاغدا جازالىنىشتىن ساقلىنالمايسەن.

★ جازالاش ھەم جىنايەتنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىشى ھەم جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

★ جىنايەتنى ئىدىيە ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك.

★ قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدىغان كىشىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئۇنداق كىشىلەرنى تىرىك قويغاندىن كۆرە ئۆلتۈرۈۋەتسە جىنايەت ئازلايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھاياتلا بولىدىكەن جوقۇم تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

★ يۇقىرىلار خاتالىق ئۆتكۈزۈپ جازالىنىشتىن ئىلگىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىغا ئىقرار قىلىپ، خاتالىقىنى تونۇپ يەتسە، ئۇ چاغدا ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى يەڭگىللىتىش كېرەك.

★ جازانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ئازابلاش بولماستىن، بەلكى جازادىن قورقۇتۇش ئارقىلىق جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

★ نادان، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويماسلىق ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى.

★ قانۇن بارلىق ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىدىيە ۋە ئەخلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

★ قانۇننىڭ نوپۇزى ـ قانۇننىڭ ھاياتى دېمەكتۇر.

★ قانۇن مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بىر خىل تەرتىپ.

★ ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى بېقىندى ھالەتكە چۈشۈپ قالسا، نوپۇزى بولمىسا، بۇنداق دۆلەت چوقۇم ھالاك بولىدۇ.

★ دۆلەت ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئارقىلىق قانۇننىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەگەر قانۇننىڭ ئورنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورنىدىن ئۈستۈن تۇرسا ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورنى قانۇندىن تۆۋەن تۇرسا، ئۇ چاغدا بۇ دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ.

★ قانۇن ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنى ئىدارە قىلىشقا يېتەكلەيدىغان دۆلەت ئەڭ ياخشى دۆلەتتۇر.

★ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ـ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قانۇن ئارقىلىق توسۇش ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى قانۇن بىلەن قوغداش دېگەنلىكتۇر.

رەھىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

(تەرجىماننىڭ ئادرېسى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى)

# 21- ئەسىردە بىزگە نېمە كېرەك

رىسالەت مەردان

رەيھانگۈل، ياخشىمۇ سىز؟ يېڭى ئەسىر ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار سىزنىمۇ ئويغا سېلىۋاتىدىغاندۇ؟ «يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى»، «پارلاق نەتىجىلەرنى يارىتايلى» دېگەندەك شوئار سادالىرى سىزنىمۇ ھاياجان بىلەن يېڭى ئەسىرگە كىرىش تەييارلىقىغا ئۈندەۋاتىدىغاندۇ؟ يېڭى ئەسىر قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا ۋە قىزغىن تىلەكلەرگە مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقى ھەققىدە سىزمۇ ئويلانغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

يېڭى ئەسىرنىڭ قانداق تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن بىزگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. دۇنيانىڭ يېرىم يۈكىنى كۆتىرىپ كېلىۋاتقان ئاياللار بۇ يېڭى ئەسىردە قانداق خۇسۇسىيەت ۋە پەزىلەتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟ بۇ بىزگە قويۇلىدىغان ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنىڭ بىرى.

مېنىڭچە ئاياللارنىڭ بۇرچى ھەرگىز تاماق ئېتىش ... تەك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، بالا تۇغۇپ بېرىشلا ئەمەس. ئائىلە ئىشلىرى ھەقىقەتەن ئاياللارغا مۇھتاج. لېكىن، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز يالغۇز بۇلارلا ئەمەس. يېڭى ئەسىر يېڭى ئەۋلادلارغا، يېڭى ئىختىساس ئىگىلىرىگە مەنسۇپ. بىز دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆز ئىچىمىزدىكى خاتاغا يېتىدىغان ناچار خاھىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

بىزدە بالا تەربىيىلىگەندە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرسىز. ئانىلىرىمىز بالىلارنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ - بۇ، ئۇنى بىرەر ئىشنىمۇ مۇستەقىل قىلىپ بېقىشقا ئۈندىمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئامال بار ئۆزىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان، گەپ ئاڭلايدىغان، ياۋاش قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. بۇنداق بالىلار چوڭ بولغىچىمۇ بالىلىق خۇيىنى تاشلىمايدۇ، تاشلىسىمۇ تەسىرىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ.

مەن بىر ئوقۇتقۇچى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ جامەدىنىدا قات - قات كىيىملەرنىڭ تۇرغانلىقىنى، لېكىن بىرەرمۇ كىتاب يوقلۇقىنى كۆردۈم. ھازىرقى ۋەزىيەتتە ماددىي بايلىق تەۋەسىگە مەنسۇپ بولغان كىيىم-كېچەكلەر بولمىسىمۇ بولمايدۇ، لېكىن شۇنچە رەتلىك كىيىنىپ يۈرگەن بىر ئوقۇتقۇچى خانىمنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقى مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى. ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتە مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملا كۇپايە قىلمايدۇ، دەرس تەييارلىق دەپتىرى، يوقلىمىسى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەنلا قانائەتلەنگەن ئوقۇتقۇچى قانداقمۇ كېيىنكى ئىزباسارلار، كېيىنكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقالىسۇن؟!

يەنە قىزلار ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. قىزلار دېگەن كەلگۈسىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ ئانىلار. لېكىن، جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى قىزلارنىڭ تۇرمۇش يولىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالماسلىقى مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى، بالدۇر توي قىلىش، ئۆزىنىڭ قەدر-قىممىتىنى چۈشەنمەسلىك، ئوقۇشنى خالىماسلىق، كىتاب ئوقۇشتىن، بىلىم ئىگىلەشتىن كۆرە كىيىم-كېچەك، ياسىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش ... بۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىزدىن ھەرگىز بۇلارنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى توختاۋسىز ئۆگىنىشنى، بىلىم ئىگىلەپ يارامىلىق ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر ماتېرىيالدىن «ياپونىيىدە قىزلار دوكتور بولسىمۇ، توي قىلغاندىن كېيىن ئائىلىدە بالىسىنى تەربىيىلەيدىكەن» دېگەن پارچىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ بەلكىم كېيىنكى ئەۋلاد دوكتورلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ، يەنىمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سېلىنغان ئاساستۇر. بىزدە بولسا دوكتور ئاياللار ساناقلىقلا، ئۇلارنىڭ زىممىسىدە بالا تەربىيىلەشتىن سىرت نۇرغۇن ۋەزىپىلەر بار.

ئاياللار ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى كېيىنكى ئەسىردىكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ياكى تۆۋەنلىشىگە زىچ باغلىنىشلىق، بىزنىڭ زىممىمىزدىكى يۈك ئېغىر، لېكىن شەرەپلىك. بۇ ئېغىر يۈكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆتۈرەلىشىمىز يەنىلا ئۆزىمىزگە باغلىق.

رەيھانگۈل: ئاياللار ۋە قىزلار ھەققىدە نۇرغۇن ئويلىرىم بار. يېڭى ئەسىر بىزدىن نۇرغۇن بەدەل تۆلەشنى، تىرىشىشىمىزنى، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ تەرەققىيات سېپىگە قوشۇلۇشىمىزنى كۈتمەكتە.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى غەربىتاغ يېزا، تا،اتى باشلانغۇچ مەكتەپ)

# كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئېغىر روھىي بېسىمغا ئۇچرىغاندا ئۆزىڭىزنى بېسىۋالالامسىز

تۆت كوچا، قىزىل چىراغ يېنىپ قالدى. ۋاقىت ئىنتايىن قىس، سىز جىددىيلىشىپ سائىتىڭىزگە نەچچە رەت قاراپ بولدىڭىز. ئاخىرى يېشىل چىراغ ياندى. بىراق، سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى ماشىنا، ۋەلىسىپىتلەر تېخىچە قوزغالمىدى. سىز غەزەپلەنگەنلىكىڭىزدىن ماشىنىڭىزنىڭ سىگنال كونۇپكىسىنى ياكى ۋەلىسىپىتىڭىزنىڭ قوڭغۇرىقىنى قاتتىق باستىڭىز. ئۆپچۆرىڭىزدىكىلەر چۆچۈپ كېتىپ سىزگە نەپرەتلەندى. سىز دىلغۇل بولۇپ بىر نەچچە سېكۇنت جىددىيلىكتە ۋە خاپىلىقتا پۇچىلاندىڭىز.

ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى رىچارد. كاسىن: «بىزدىكى غەزەپلىنىشنىڭ 80% نى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز» دېگەن ھەم كىشىلەرگە ئاچچىقلانماسلىق توغرىسىدا يول كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە «ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ئاچچىقلانماڭ» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب ئون ئاي ئىچىدە تۆت مىليون ئىككى يۈز مىڭ پارچە سېتىلىپ، بازىرى ئىتتىك كىتاب بولۇپ قالغان.

كاسىن ھاياجانلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى تۆۋەندىكى سۆزلەرگە يىغىنچاقلىغان: «ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئوقۇشماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىڭ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەم-كۈتىسىز ئەمەس، ھەممە ئىش پىلان بويىچە بولىۋەرمەيدۇ». داۋاملىق ئاچچىقلىنىش سالامەتلىككە زىيانلىق. ئادەم غەزەپلەنگەندە، ھاياجىنىنى باسالماي قالغاندا نەپەس يولى كېڭىيىپ، چوڭ مېڭە، يۈرەك ۋە مۇسكۇل سىستېمىلىرى زور مىقداردا ئوكسىگېن سۈمۈرىدۇ. تومۇرلار كېڭىيىپ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ، قاندىكى شېكەر ماددىسى كۆپىيىدۇ، قان بېسىم ئۆرلەيدۇ. ئېغىر بولغاندا ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. ئەلۋەتتە قىسقا مۇددەتلىك ھاياجانلىنىشنىڭ زىيىنى كۆپ ئەمەس. بىراق، كىشىلەرنى بېسىمغا ئۇچرىتىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاياجانلىنىشنىڭ زىيىنى ئېغىر بولىدۇ.

بىز دائىم خىزمەت جەريانىدا، تۇرمۇشىمىزدا، يول ئۈستىدە داۋاملىق مۇناسىۋەت جىددىيلىكى، كەيپىيات جىددىيلىكى دېگەندەك ئادەمنى روھىي جەھەتتىن ئازابلايدىغان دەۋرىي خاراكتېرلىك ھاياجانلىنىشلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. شۇ سەۋەبلىك بىز چوقۇم كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ھاياجانلىنىشلاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن رىچارد. كاسىننىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ: «كىچىك ئىشلار بۇرنىڭىزدىن يېتىلىۋالمىسۇن! ئېغىر-بېسىق بولۇڭ، باشقىلارنى چۈشىنىڭ». ئۇنىڭ يەنە بىلىۋېلىشىڭىزغا ئەرزىيدىغان مۇنداقمۇ پىكىرلىرى بار:

▲ مىننەتدارلىقىڭىزنى ئىپادىلەڭ، باشقىلار خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز تۇرمۇشىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە باشقىلار سىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

▲ ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بىر ئادەمگە سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەۋەسىڭىز كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىڭ.

▲ ئىزدىسە كەمچىلىك ھامان تېپىلىدۇ. بىراق، بۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ خاپا قىلىسىز.

▲ ئۆز پىكرىڭىزدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۋالماڭ.

▲ دائىم باشقىلارغا تۈزىتىش بېرىمەن دەپلا يۈرمەڭ. بۇ، سىزنى روھىي جەھەتتە خورىتىدۇ. باشقىلارغا كۆلۈمسىرەپ قاراڭ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلمەڭ.

▲ باشقىلار سىزنىڭ مەغلۇبىيىتىڭىز ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلمىسۇن. مەغلۇب بولغانلىقىڭىزغا تەن بېرىڭ، بۇنىڭلىق بىلەن ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ.

▲ ھەممە ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولسىكەن، دېگەن خىيالدا بولماڭ، چۈنكى ئۆزىڭىزمۇ مۇكەممەل ئەمەستۇرسىز.

▲ شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنى تۇساتتىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز.

ناۋادا ئاچچىقىڭىزنى پەقەتلا بېسىۋالالمىسىڭىز ئۆزىڭىزدىن: «ئاچچىقلىنىشىمدىكى سەۋەب مەن ئۈچۈن شۇنداق مۇھىممۇ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ.

بۇ سىزدە نۇرغۇن ئىشلارغا نىسبەتەن توغرا كۆزقاراش پەيدا قىلىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز بىر مەزگىل سىناپ كۆرۈڭ. ھەرگىز خاپا بولماڭ!

**(ھەبىبە ئەمەت تەرجىمىسى)**

**(تەرجىماننىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مائارىپ فاكولتېتى)**

# قورقۇشنى يېڭىش كېرەك     مەغلۇبىيەتنى تەن ئېلشى كېرەك

كىشىلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچاق كېلىدۇ. مەغلۇب بولۇشتىن ھەقىقىي قورقمايدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز. مەغلۇب بولۇش ۋەھىمىسى پەيدا بولغان ھامان غەم-قايغۇغا پېتىپ قېلىپ، قايتا ئويلىنىپ بېقىشنى ياكى شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلمىدى، دەيدىغان خىلمۇ خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كەينىگە سۈرەپ، بىكاردىن ـ بىكار نۇرغۇن پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

ئەگەر سىز ئەمەلىي ھەرىكەت قوللانمىسىڭىز، سىزنىڭ ئويلايدىغىنىڭىز مەڭگۈ كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان قۇرۇق خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالىدۇ، پەقەت ھەرىكەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئىشلىرىڭىزدا ئىلگىرىلەش بولىدۇ. مەيلى شارائىت قانچىلىك قىيىن بولسۇن، سىزنىڭ نىشانىڭىز ئېنىق بولسا ياكى ئۇلۇغۋار ئىرادىڭىز بولسا، جەمئىيەتتە باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلىيەلىسىڭىز، ھازىرقى ھالىتىڭىزگە رازى بولماي چوقۇم بۆسۈپ چىقالايسىز. ھەتتا، ئەڭ ئاخىرىدا روھىڭىزنى ئۇرغۇتۇپ تۇرۇپ بىر قاتار چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيسىز. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئىشىكى ئۆزلىكىدىن ئېچىلمايدۇ. ئەگەر بىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن شۇ ئىشىكنى ئىتتەرمىسەك ياكى تارتمىساق، ئىشىك مەڭگۈ ئېچىلمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش ئۈچۈن جەزمەن ئىتتىرىشىمىز ياكى تارتىشىمىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالىدۇ. يالش مال ساتقۇچىلار خېرىدارلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى چېكىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالماسلىق، مەغلۇب بولۇشتىن قورقۇش. ھازىر جۈرئەت قىلالمىسىڭىز قاچانلىقتا بىرەر نەتىجىسى چىقىدۇ؟

ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئۆزى ناھايىتى ياخشى ئىش، بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ. ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىسىڭىز، ھەممە ئىشىڭىز بارغانسېرى ئىلگىرى كەلمەيدۇ.

دۆتلۈك قىلىپ بىرەر ئىشنى ھازىر باشلىغىنىڭىز، كېيىن كامالەتكە يېتىپ باشلىغىنىڭىزدىن كۆپ ياخشى. چۈنكى، تەقدىر ئىلاھى ھەيدەپ ماڭغان پەيتۇن ئۈچقاندەك چېپىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم مەغلۇب بولۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى پەقەت ئويلانمىغان بولسا، بۇ رېئاللىقتا ئويغۇن ئەمەس، شۇنداقلا، ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنداقتا، ئويلىمىغان يەردىن مەغلۇب بولسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ ناھايىتى ئاددىي: مەغلۇبىيەتتىن ئۆگىنىشىڭىز، قايتىدىن باشلىشىڭىز كېرەك. كىشىلىك ھايات ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، مەغلۇب بولۇش، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراشتەك ئىشلارنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئاچقۇچ سىزنىڭ بىر ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپلا بەل قويۇۋېتىشىڭىزگە ياكى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ساۋاقنى قوبۇل قىلىشىڭىزغا باغلىق.

ئەلۋەتتە، مەغلۇبىيەت كىشىنى ناھايىتى ئازابلايدۇ. ئەمما بۇ ئازابتىن، بۇ قىممەتلىك مەغلۇب بولۇشتا ئىجابىي قاراشنى، ئۇزۇل-كېسىل ھالدا بۇنىڭدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى شۇنداقلا، يوشۇرۇن ئەھمىيىتىنى ئىزدىنىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. مەغلۇبىيەتتىن ئۆگەنگەن نەرسە، ھېچقانداق سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك ئەقىل-پاراسەت. شۇنداق دېمەك ئېيتىشقا بولىدۇكى، شېرىن خىياللارغا بېرىلگەن ئادەم ئەمەلىيەتتە تامامەن پىشىپ يېتىلمىگەن بولىدۇ. پەقەت مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگەن ئادەملا ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە، ئېھتىمال ھېچقانداق مىللەت يەھۇدىيلارغا يەتمىسە كېرەك. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەبرىكلەش تۈسىنى ئالغان. ئەمما، يەھۇدىيلارنىڭ ھېيت-بايرىمى بولسا ئۆزلىرىنىڭ تارىختا تارتقان ئازاب-ئوقۇبىتى بىلەن مەغلۇبىيىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: «پاسوۋېر بايرىمى» دا بولسا دەل مۇزىسىنىڭ خەلقىنى باشلاپ مىسىردىن قېچىپ چىققان چېغىدا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ھەرىيلى بايرىمى كەلگەن چېغىدا ئەجدادلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئەسلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەگەك بولۇشنى ۋە ئىلھام ئېلىشنى ئۆگىنىدۇ.

(«يەھۇدىيلارنىڭ سۆھبەت سەنئىتى» ناملىق كىتابتىن زەينەپگۈل ئىبراھىم تەۋسىيە قىلغان)

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزا قوراي مەكتەپ)

# ئادىلجان لەتىپىلىرىدىن

تۇردى:



ـ سەدىقە بالانىي يەر، تۆۋا گۇناھىنى ... يان. چۆقۇمنى ئاختۇرسام 1 مو پارچە پۇل چىقتى. مەن پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپلا يولۇمغا ماڭدىم. ئۇ ماڭا رەھمەت-ھەشقاللا ياغدۇردى. كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۇنى يەنە كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا يانداشىپ ماڭدىم. بىر كەمدە كۆزۈم ئالدىمىزدا يەرگە چاپلىشىپ تۇرغان 5 مو پۇلغا چۈشتى. مەن كۆزۈمنىڭ قىرىدا دىۋانىگە قارىدىم. ئۇ پۇلغا لەپپىدە بىر قاراپلا پەرۋا قىلماي يولىغا مېڭىۋەردى.

ـ ھوي، ئەتىگەندە 1 مو پۇل بېرىۋىدىم بىر مۇنچە رەھمەت ئېيتقان ئىدىڭىز، ئەمدى ئاۋۇ 5 موغا قاراپمۇ قويمايسىزغۇ.

ـ ئۇ دېگەن خىزمەت ۋاقتى، ھازىر ئىشتىن چۈشتۇق ـ دە.

## باشلىق شوپۇر

مەلۇم ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى قوشنا ۋىلايەتتىكى بىر ساياھەت رايونىغا بېرىپتۇ. بۇ ۋالىينىڭ ماشىنا ھەيدەش خۇمارى بولغاچقا ساياھەتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپتۇ. ئۇ ماشىنىنى تېز سۈرئەتتە ھەيدىگەچكە قاتناش ساقچىلىرى توسۇۋاپتۇ. ۋالىي ئىسىم كارتوچكىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

ساقچىلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي باشلىقىغا تېلېفون بېرىپتۇ:

ـ بىز چوڭ بىر باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى توسۇۋالدۇق. قانداق قىلساق بولار؟

ـ قانداق چوڭ باشلىقكەن ئۇ؟

ـ بۇنى بىلەلمىدۇق، بەكلا چوڭ باشلىقتەك قىلىدۇ. ئىشقىلىپ ۋالىي ئۇنىڭ شوپۇرى ئىكەن.

## «ئاسار ـ ئەتىقە»

بالا ۋاقىلىرىمىزدا سۇغا چۆمۈلگەندە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ پاچىقتىن قونچاق ياساپ ئوينايتتۇق. شۇ چاغلاردا بىز بىلەن بىللە ئوينىغان بىرسى ئوزاقى يىلى بىر قونچاق ياساپ ئۆيىدە ئىككى يىل ساقلاپ داڭلىق يىغىپ ساقلاش چولپىنى ئەخمەت تۆمۈرگە ساتماقچى بولۇپ ئۇنى ئىزدەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇ ئەخمەت تۆمۈرنىڭ سۇغا چۆمۈلگىلى كەتكەنلىكىنى بىلىپ كۆلگە بېرىپتۇ.

ـ ئەخمەت ئاكا، سىزگە بىر «ئاسار ـ ئەتىقە» ئېلىپ كەلگەنىدىم، كۆرۈپ بېقىڭ. قانچە پۇلغا ئالىسىز؟ ـ دەپتۇ. ئەخمەت تۆمۈر قونچاقنى كۆرۈپ:

ـ ئاۋۇلارغا قارا ئۇكام ـ دەپتۇ ئۆزى ھېلىراقلا ياساپ قويغان ئون نەچچە قونچاقنى كۆرسىتىپ.

## يەتتە ۋاخ ناماز

مەلۇم بىر مەھەللىدە يېشى 70 تىن ئاشقان بولسىمۇ ھاراقتىن نەپسىنى ئۈزەلمىگەچكە «قېرى ھاراقكەش» دەپ نام ئالغان بىر كىشى بار ئىكەن. مومىيى ئۇنىڭ بۇ تۈزەلمەس قىلىقىدىن بەكلا بىزار ئىكەن، بىر كۈنى موماي بوۋايغا:

ـ سەن بىلەن تەڭلەر بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي، بىر ئات، بىر نومۇستا ئۆتۈۋاتىدۇ. سەنمۇ ئەمدى نەپسىڭنى يىغىپ جامائەتكە قوشۇلۇپ ئاخىرەتلىكىڭنى ھازىرلىقىنى قىلغاچ تۇرساڭ بولۇرمىكىن ـ دەپتۇ. بوۋاي ماقۇل بوپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يولدا بىر ئۆلپىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ـ ۋاي، ئاكا نەگە ماڭدىڭىز؟

ـ ۋاي ئۇكام، نامازغا كېتىۋاتىمەن. بۇندىن كېيىن نامازنى يەتتە ۋاخ ئۆتىسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ـ بۇ نېمە گەپ؟ ناماز دېگەن بەش ۋاخ بولاتتىغۇ!

ـ ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىلىقىدا ئىچىۋالىدىكەنمەن ئەمەسمۇ؟

## «نومۇسچان» تىلەمچى




بىر كۈنى ئەتىگەندە كوچىدا كېتىۋاتسام يول بويىدا سەدىقە تىلەپ ئولتۇرغان بىر تىلەمچى مېنى كۆرۈپلا سۆزلىگىلى

# سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئەزالار ( كېڭەيتىلگەن ) يىغىنى ئېچىلدى

سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ 2000 - يىللىق ئەزالار ( كېڭەيتىلگەن ) يىغىنى 2 - ئاينىڭ 22 - ، 23 - كۈنلىرى ئېچىلدى . يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەزالىرى ، سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن باشقا ، يەنە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇراخمان كېرەم ، خەلق قۇرۇلتىيى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئايۇپ قۇربان قاتارلىق ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك 3 - نۆۋەتلىك مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ، ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ، ھەر مىللەت ، ھەر ساھە زاتلار ۋەكىللىرى قاتناشتى . سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى توختىخان ئىسمائىل يىغىن ياشقۇردى . خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يىڭجيا سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىغا ۋەكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى . خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرسۇن چوتاي تەكلىپ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى . يىغىن قاتناشقۇچىلىرى خىزمەت كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش بىلەن بىرگە ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ، تەپتىش مەھكىمىسى ، سوت مەھكىمىسى ۋە پىلان ، مالىيە تارماقلىرىنىڭ دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقتى . ۋالىي ئابدۇراخمان كېرەم ۋىلايەتلىك پارتكوم ، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى . ئاخىرىدا يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەرگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى .




⬆ رەئىس سەھنىسى

⬇ گورۇپپا مۇزاكىرىسى





⬆ يىغىن قاتناشقۇچىلىرى .

⬇ مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەرگە گۇۋاھنامە تارقىتىلدى .




ئابدۇكېرىم ۋاھىت خەۋىرى ، [illegible]جۈن فوتوسى



قۇمۇلدىكى ئۇچار كېمە شەكىللىك يول ... ئورام

قۇمۇل شەھىرى بوغار يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر جەنۇبىدا ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر ساي بار . سايىنىڭ كەڭلىكى 4 كىلومېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 50 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ . مۇشۇ سايدا ھەشەمەتلىك سارايلاردەك تۇس ئالغان ياردائىلار ، غەلىتە شەكىللىك ، ھەرخىل رەڭلىك تاشقا ئايلانغان تۇر- لۇك ئۆسۈملۈكلەر ، قايسى ھايۋانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتلىرى ، ئۇرغۇنلىغان ئاجايىپ غارايىپ سىرلىق تاشلار بار . بۇ سۈرەتتىكىسى ئاشۇ غەلىتە تاشلارنىڭ بىرى


**同舟** (综合性季刊)
2000 年第 1 期

تەقدىرداش ( پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال )
2000 - يىل 1 - سان

---

主办单位：哈密地区政协
工作委员会
编辑出版：同舟杂志社
印刷：新疆实验中学印刷厂
新疆报刊准印证：0188 号
地址：哈密市中山北路市政综合楼
电话：2234288
邮编：839000

سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك
خىزمەت كومىتېتى باشقۇردى
« تەقدىرداش » ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزۈپ نەشر قىلدى
شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ش ئۇ ئا ر گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر
قىلىشقا رۇخسەت قىلىش نومۇرى : 0188
ئادرېسى : قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال بىناسى
تېلېفون : 2234288 ، پوچتا نومۇرى : 839000